2020 نويابىر -دېكابىر
ئومۇمىي 16 -سان



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مۇناسىۋەتتىكى ئالتۇن قائىدە

77



بالىلارنىڭ يىغلىشى

86



مەخپىي ئۇرۇش

1

2020 نويابىر -دېكابىر
ئومۇمىي 16-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى ئالتۇن قائىدە 77

پەرزەنت تەربىيىسى: بالىلارنىڭ يىغلىشىنى چۈشىنىش

چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئون پايدىسى 59

## خىتاي تەتقىقاتى

مەخپىي ئۇرۇش

## گۈلىستان

بەدىنىمىزنىڭ سۇغا بولغان كۈندىلىك ئېھتىياجى 29

## تارىخ ۋە بىز

قورغان قەلئەسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا بىر نەزەر 94















## خەلقئارا ۋەزىيەت

ياۋروپا خەلقىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشى 65

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار 37

## بۈيۈك سىمالار

ئەركىنلىك جەڭچىسى -گەندى

خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

HOW CHINA TOOK OVER
WHILE AMERICA'S ELITE SLEPT

# مەخپىي ئۇرۇش

# STEALTH WAR

روبېرت سپالدىڭ



GADIER GENERAL
RT SPALDING
'S Air Force, Retired)

# مەخپىي ئۇرۇش

## ئۈچىنچى باب

## (داۋامى)

ختاي پۇل ـ مۇئامىلە بازىرىنىڭ غەرب بازىرىغا ئوخشىمايدىغان ۋە كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى بار. بۇ ھالمۇ ئوخشاشلا بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەركىن سودىنى يولغا قويمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ختاي بىر تۈرلۈك ئۆزى خالىغانچە كونترول قىلىدىغان ئالدامچىلىق پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈۋاتقان بولۇپ، بۇ ئالدامچىلىق پىلانى دەل ختاينىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنىڭ ختاي تەرىپىدىن خالىغانچە تاللىنىپ يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئامېرىكادىكى ئەھۋالغا كېلەيلى. ناۋادا IMB شىركىتى كاپىتال بازىرىدا زايىوم تارقاتقان تەقدىردە، بۇ ئارقىلىق توپلانغان پۇل IMB شىركىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. IMB شىركىتىگە مۇشۇ خىل شەكىلدە مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ پۇلنىڭ كەلگۈسىدە شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا چەكسىز دەرىجىدە ئىشەنچ قىلالايدۇ. چۈنكى، مەبلەغ سالغۇچىلار شىركەتتە مۇدىرىيەت يىغىنىنىڭ بارلىقىنى، باش دېرىكتورنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇلارنىڭ شىركەتنىڭ تىجارەت نىشانىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ۋە پۇل ـ مۇئامىلە جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ختايدا بولسا، مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان پۇل پەقەت ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەلگىلىگەن ئورۇنغىلا بارىدۇ. ختاينىڭ جان ـ جەھلى بىلەن تېخنولوگىيە قوغلىشىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىمىز.

ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلىنى ختاينىڭ ئالدامچىلىق پىلانى ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىش ئۈچ خىل خەتەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئامېرىكا پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەرنىڭ مەبلىغىنى ختايغا سېلىشى، يالغۇز ئامېرىكانىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھاكىمىيەتلىق دۈشمىنىنى سەمرىتىپلا قالماي، يەنە تېخى ختايغا كىرگەن مەبلەغنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرغىلى بولمىغانلىقتىن ختايدىن ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. بۇمۇ بىر خەتەر، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا مەبلىغىنىڭ ختايغا قاپسىلىپ قېلىشى ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بازىرىدىكى قىممەتلىك مەبلەغنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناۋادا سىزنىڭ پېنسىيە مائاشىڭىز ختايغا قاپسىلىپ قېلىپ، ئۇ يەردىن چىقالمىسا، ئۇ پۇللارنىڭ ئامېرىكا قايتىپ مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلىدىغان بولۇشى، ئامېرىكادىكى زاۋۇتلارنى قايتىدىن ئىشلىتىشى، يېڭى تېخنولوگىيەلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىلغار شىركەتلەرگە مەبلەغ قىلىپ سېلىنىشى، ياكى ياسىمچىلىق كەسپىگە ھەمدەم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكانىڭ مەبلىغىنىڭ خىتايغا سېلىنىشى ۋال كوچىسى ئالىدىغان پايدىنى قىسقا مەزگىللىك يۈكسەلدۈرۈشكە يارىسىمۇ، بىراق خىتايغا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادى توختاپ قالىدۇ.

خەتەردىن ساقلىنىش فوندىنىڭ قۇرغۇچىسى كەيل باس (Kyle Bass) يەر شارى خاراكتېرلىك مەبلەغ سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى خىتايدىكى كاپىتال تەڭپۇڭلۇق ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلغان. ئۇمۇ بەننونغا ئوخشاشلا خىتايدىكى كاپىتال تەڭپۇڭلۇقى مۇقىمسىز دەپ قارايدۇ.

باس بىلەن 2019 ـ يىلى يانۋار ئېيىنىڭ باشلىرىدا قىلىغان سۆھبەتىمىزدە، ئۇ خىتايدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى يېپىق ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىكى قەرز ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ۋەزىيەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى، خىتايغا سېلىشتۇرغاندا ئامېرىكانىڭ بېخىل مالىيە سىياستى يۈرگۈزىدىكەن مۇتەئەسسىپ دۆلەتكە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

باسنىڭ قارىشىچە، خىتاينىڭ قەرز ئىستراتېگىيىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك پىلانىغا زىت ھالدا يۈرگۈزۈلىدىكەن. بۇ تولىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش. بىراق، خىتاينىڭ پۇلغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىسىگە كېتەرلىك چىقىمنى تولۇقلاشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، خىتاينىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى يەنىلا چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

باس مۇنداق دەيدۇ:«خىتاينىڭ ئۆز زېمىنىدا نىسپىي مۇقىملىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلار مەركىزىي بانكىنىڭ قەرز سوممىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچقانداق دۆلەت بېسىپ چىقىرىپ باقمىغان دەرىجىدە شۇنچە كۆپ خەلق پۇلى بېسىپ چىقاردى.»

باس 2008 ـ يىلدىكى ئامېرىكا بازىرىنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مالىيە ئەمەلىي ئەھۋالىنى جۇڭگونىڭ ھازىرقى مالىيە ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تولىمۇ چۆچۈپ كەتكىنىنى بىلدۈردى.

«ئەينى يىلى ئامېرىكىدا ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەرگەندە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 17 تىرىليون دوللار، دۆلەت بانكا مۈلكى بولسا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1.3 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. بىزنىڭ تەخمىنەن بىر تىرىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى بانكا مۈلكىمىز بار ئىدى. ئەمدى سىز خىتاينىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ بانكا سىستېمىسىنىڭ 50 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى خىتاي پۇلىغا، 2 تىرىليون دوللارلىق بانكا مۈلكىگە، 13 تىرىليون دوللارلىق ئىقتىسادقا(ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى) ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.»

باس مەسىلىگە ئالىغان بۇ سانلىق قىممەتلەر خىتاينىڭ خەلق بانكىسى، مەركىزى بانكىسى ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغان. باسنىڭ تەخمىن قىلىشىچە خىتاينىڭ ئومۇمىي ئىناۋەتلىك

قەرزى 48 تىرلىيون دوللارغا يېتىپ بارغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تۆت ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كېلىدىكەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكانىڭ 2019 ـ يىلىدىكى ئىناۋەتلىك قەرزى 24 تىرلىيون دوللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي خىتاينىڭكىدىن 37 پىرسەنت ئارتۇق بولغان.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئوبوروتتىكى پۇلى ئامېرىكانى ئۈچ قاتلايدۇ ـ يۇ، لېكىن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئامېرىكانىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىن تۆت ترىلىيون دوللار ئاز. گەرچە خىتاينى 2001 ـ يىلدىن 2015 ـ يىلغىچە ئېرىشكەن پايدىسى بىلەن ئامېرىكانى ئىككى قاتلايدىغان بانكا مۈلكىگە ئىگە دەپ قارىساقمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر قورقۇنچلۇق نىسبەت. ئىقتىساد نەزەرىيەسى ۋە تەمىنلەش ـ ئېھتىياج قانۇنىيىتى نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، زور مىقداردىكى پۇلنى بېسىپ چىقىرىشنىڭ ئاپتوماتىك ھالدا ئېغىر پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى، خىتاي ھازىرغا قەدەر تاشقى پېرېۋوت بازىرىغا قاتنىشىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق پۇل پاخاللىششتىن ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بازارلارنى كونترول قىلىدۇ. ئۇ يەنە تاراتقۇلارنىمۇ كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان كەمچىلىكلەر، پۇل پاخاللىقى، ياكى ئۆي ـ مۈلۈك ساھەسىدىكى مۇقىمسىزلىق ھەققىدىكى «سۆز ـ چۆچەكلەر»نىڭ تارقىلىپ يۇرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي يەنە ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرىنىمۇ كونترول قىلىشقا ئاتلانغان بولۇپ، خىتاي خەلقىنى كونترول قىلىش ۋە مۇكاپاتلاش سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان، خىتاي يېڭىدىن يولغا قويۇلغان بۇ سىستېما ئارقىلىق ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىنى پايلاش، چىرايىنى تونۇش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق شەخسىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ، كىشىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەلگىلىگەن قانۇنلارغا ئەمەل قىلىۋاتقان ياكى قىلمايۋاتقانلىقىنى نازارەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ يېپىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە مۇستەبىت باشقۇرۇش خىزمىتى بىر بولۇپ پۇل پاخاللىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە مۇقىملىقنى كۈچەيتىدۇ.

## ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىدىكى ساختىپەزلىك

خىتاينىڭ بازارنى كونترول قىلىشتىكى ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. نۇرغۇن ئىقتىسادشۇناسلار خىتاينىڭ ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىنى ئالللىقاچان گۇمران بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. خىتايدا نۇرغۇنلىغان ئېگىز بىنالار بىلەن تولغان، ئىچىدە بىرمۇ ئادەم بولمىغان سىرلىق شەھەرلەر بار. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خىتايدا ئارتۇق بىنا سېلىش 64 مىليوندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارتۇق ئادەمسىز تۇرالغۇنى پەيدا قىلغان. ئادەتتە قاچانكى ئېشىندى تۇرالغۇ ـ ئۆي كۆپىيىپ، ئېھتىياجدىن ئاشسا، بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆي باھاسى تۆۋەنلەيدۇ. ئۇنداقتا خىتاي بۇ تەمىنلەش ـ ئېھتىياج قانۇنىيىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدى؟ باس بۇنى چۈشەندۈرۈپ «پەقەتلا ئۆي مۈلۈك سودىسىنى توختىتىش ئارقىلىق» قىلدى دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە خىتايدا 100 مىڭ يۈەنگە سېتىلىدىغانلىقى خاتىرلەنگەن بىر ئۆي گەرچە يېرىم باھادا سېتىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، كىرىم ـ چىقىم جەدۋىلىدە باشتىن ئاخىرى يەنە شۇ ئەسلىدىكى يۈز مىڭ يۈەن باھادا سېتىلدى دەپ خاتىرىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

رەنە بازىرىمۇ ئوخشاشلا خىتاينىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، «سىزنىڭ خىتايدا مال ـ مۈلۈكىڭىز ھەش ـ پەش دېگۈچە ۋەيران بولۇشىنى كۆرەلمەسلىكىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب، ئۇلاردا مال ـ مۈلۈك بېجى دەيدىغان ئىشنىڭ يوقلۇقىدا» دەيدۇ باس. ئامېرىكادا ئون يۈرۈش ئۆيگە ئىگە بولغان بىر مەبلەغ سالغۇچى ئۆي ـ مۈلۈك بېجى تۆلىشى بىلەن بىرگە، ئۆي قەرزىنى تۆلىشى كېرەك. لېكىن خىتايدا ئۆي سېتىۋالغۇچى ئەگەر قەرزىنى تۆلىيەلمىسە، بانكا بۇ قېتىملىق قەرزىنى ئەسلىدىكى ئۆي قەرزى ھېساباتىغا قوشۇپ قويۇپ يېڭىدىن قەرز بېرىۋېرىدۇ. باس «بۇ خىل ئەھۋالدا، بىر تۈرلۈك <ئايلانما شەكىللىك قەرز> پەيدا بولىدۇ» دەپ چۈشەنچە بەردى. شۇنداق قىلىپ ئەگەر سىز 100 مىڭ دوللار قەرز ئۈستىگە يەنە تۆت مىڭ دوللار قەرز ئالسىڭىز، لېكىن قەرزنى تۆلىيەلمىسىڭىز، بانكا سىزنىڭ قەرز ھېساباتىڭىزنى 104 مىڭ دوللار دەپ ئۆزگەرتىپ، قۇربىتىڭ يەتكەندە تاپشۇر» دەيدۇ خالاس.

باس بۇ قىلمىشنىڭ ئۆز شىركىتىدە «ھەرىكەتچان قەرزدە زىيان يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

## كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىش

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى گەرچە دۆلەت ئىچىدىكى بارچە تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىش ۋە سېتىلىش باھاسىنى كونترول قىلالىسىمۇ، ئەمما خىتايدا ئىقتىسادنىڭ ئاكتىپ ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بايلىق كەمچىل. خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئىمپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ، يىلىغا 400 مىلىيون توننىغا يېقىن خام نېفىت ئىمپورت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يېمەك ـ ئىچمەك، مېتال بويۇملار، خام ئەشيا ۋە نېفىت خىمىيە مەھسۇلاتلىرىدىمۇ ئىمپورتقا تايىنىدۇ. باسنىڭ دېيىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى زور مىقداردىكى ئىمپورتقا تايانغانلىقنى ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز. خىتايدا سودا پەسىيىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئۆي ـ مۈلۈك بازىرى ۋەيران بولۇش گىرىزىسىغا يۈزلەنگەندىن كېيىن، شۇنداقلا دۆلەت

هالقغان شىركەتلەرنىڭ خىتايغا سالغان مەبلىغىنىڭ چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقى بايقالغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئىقتىسادى كۆنسېرى مۇقىمسىزلىشىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئاجىز ئىقتىساد خىتاي ھۆكۈمىتىنى تېخىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى قامداش، يېتەرلىك نەق پۇل ۋە چەتئەل مەبلىغىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگە ئۆزلۈكسىز مەبلەغ سالدى.

ساختا ياساش، ئالدامچىلىق ۋە قارىغۇلۇق

ئامېرىكالىق مىليونىر ئا. ج. كۇبانىنىڭ (A.J. Khubani) ھېكايىسىدىن ھەممە ئامېرىكالىقلار مەستخۇش بولىدۇ. ئەمما، يېقىندا ئۇ دۇچ كەلگەن ئەھۋالنى ئامېرىكا ياسىمچىلىق كەسپىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئوتتۇز يىلدىكى قاباھەتلىك چۈشىنىڭ تېپىك كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ. خىتاينىڭ خەلقئارا قانۇن ـ نىزاملارغا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق خىلاپلىق قىلىشى ئەمەلىيەتتە كۇبانىنىڭ قۇرۇق قولغا تايىنىپ تىكلىگەن ئىگىلىكىگە تەھدىت بولماقتا.

كۇبانىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى 1959 ـ يىلى ھىندىستاندىن ئامېرىكاغا كۆچۈپ كەلگەن. ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىش ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى سىياسىتى بولۇپ، «ئائىلەم ئامېرىكا مەدەنىيىتىگە شۇ دەرىجىدە قوچاق ئاچقان ئىدىكى، بىزنىڭ ئائىلىدە ئىنگلىزچىدىن باشقا تىلدا سۆزلىشىشىمىزگە رۇخسەت قىلىنمايتتى» دەيدۇ كۇبانى.

كۇبانى كىچىكلىكىدە تولىمۇ تىرىشچان بالا بولۇپ، يېڭى جېرسىي لىنكولىن باغچىسىدا چوڭ بولغان. ئۇ ئائىلىسىگە ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن قار تازىلاش، چىم كېسىش ۋە گېزىت تارقىتىش قاتارلىق خىلمۇ ـ خىل ئىشلارنى قىلغان. ئۇ پىسا سېتىش، خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش داۋامىدا يېڭى جېرسىي شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە يىگىرمە مىڭ دوللارنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇ بۇ پۇللارغا چەتئەلدىن بىر تۈركۈم رادىئولارنى سېتىۋېلىپ، گېزىتتىن ئۆزى ئۈچۈن ئېلان ئورنى سېتىۋېلىپ ئاشۇ رادىئولارنىڭ ئېلانىنى قويۇش ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش يولىغا قەدەم قويغان ۋە ھېچقاچان بوشىشىپ، كەينىگە چېكىنمىگەن ئىدى.

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، كۇبانى يىگىرمە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن «تېلبرەند» (Telebrand) نامىلىق شىركەت قۇردى. ئۇنىڭ شىركىتى لايىھىلەش، تۈر ئېچىش، پاتېنت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىلتىماس قىلىش ۋە ھەر خىل ئۆزگىچە ئىستېمال مەھسۇلاتلىرىنى تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئارقىلىق سېتىپ چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ شىركىتى ئىنتايىن قىسقا مەزگىلدىن كېيىن، يىلىغا بىر مىليارد كىرىم دوللار كىرىم قىلىدىغان سەۋىيەگە يەتتى.

كۇبانى يەنە بەزى مەھسۇلاتلارنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ، ئۇ مەھسۇلاتلارنى تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىپ بازار ئاچقان. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئۆز مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن يىلىغا نەچچە ئون مىليون پۇلنى ئېلان بېرىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە، كۇبانى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ساختا مال ئىشلەپچىقىرىدىغان ختاي سودىگەرلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ بۇ خىلدىكى قارا ئۇۋۇلارنى قانۇنىي يوللار ئارقىلىق تاقاتقۇزغان بولسىمۇ، بىرى قارا ئۇۋۇا تاقالسا، ئۇنى ئېچىلىشقا باشلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«2015 ـ يىلى مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ساختىلىرىنىڭ ئامازون تور بېتىدە بەيدا بولغانلىقىنى، بۇ ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ قاچىلىنىشى، تونۇشتۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ھەممىلا جەھەتتىن تەقلىد قىلىنغانلىقىنى بايقىدىم.»

ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا تەقلىد قىلىنغان ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى كۇبانىنىڭ پروگراممىسىدا ئېلان قىلىنغان باھادىن يېرىم ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تۆۋەن بولغان. كۇبانى بۇ خىل تەقلىدىي ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ئەڭ تۆۋەن بولغانلىرىدىن بىر نەچچىنى زاكاس قىلغان. مالنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ختايدىكى سېتىقچىلار تەرىپىدىن تەمىنلەنگەنلىكىنى بايقىغان. دېمەك، ئۇنىڭ مەھسۇلات سېتىش مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، كۇبانى ئامازون شىركىتىگە شىركەتنىڭ تور بېتىدە مەۋجۇت ساختا مەھسۇلاتنى بارلىقىنى مەلۇم قىلىپ خەت يازغان. ئامازون شىركىتى بولسا ئۆزلىرىنىڭ قايسى مالنىڭ ساختا، قايسى مالنىڭ ئەسلىدىكى ئىكەنلىكىنى ئايرىشقا ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىزلىقىنى، بۇنىڭغا كۇبانىنىڭ ئۆزى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزى ئامال تېپىش كېرەكلىكىنى، تور بەتتە مال ساتقۇچىلارنىڭ مىلىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن. ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۆزى بېرىپ ئايرىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كۇبانى بۇ جاۋابتىن بەكمۇ غەزەپلەنگەن. قول ئاستىدىكى خادىملارنى ئامازونغا خەت يېزىپ، شۇ خىل مالنى سېتىۋاتقانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئالاقە ئادرېسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن قانۇنىي تەرتىپ بىلەن ئىش كۆرگىلى بولاتتى. ئامازون بۇ تەلەپكە «بۇنداق قىلىش شىركىتىمىزنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپ. بىز مەھسۇلاتنى ساتقۇچى تەرەپنىڭ ماتېرىياللىنى باشقىلارغا تەمىنلىيەلمەيمىز» دەپ جاۋاب قايتۇرغان. ئامېرىكا ختايغا بىر نەچچە مال يەتكۈزۈش مەركىزى قۇرغان بولۇپ، كۇبانىنىڭ دېيىشىچە ئامازوننىڭ ختايدىكى بۇ مال يەتكۈزۈش مەركەزلىرى ختايدىكى ساختا مال ياسىغۇچى شەخسلەرگە ئارقا ئىشىك ئېچىپ بەرگەن. كوبانى

مىلىيارتلاپ مەبلەغ سېلىپ، تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان مەھسۇلاتلىرى خىتاي ساختا مال ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەرىپىدىن ھېچبىر بەدەلسىزلا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىنىپ، كوبانىغا ئىنتايىن ئېغىر زىيان سالغان. كوبانىنىڭ دېيىشىچە، يېڭى جېرسىي شىتاتى كېڭەش مەجلىسى ئەزاسى كورىي بۇكېر (Cory Booker) كوبانىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئامازونغا تېلېفون قىلغاندىن كېيىن، ئامازون ئۆز تور سۇپىسىغا تىزىلغان ساختا ماللارنى سېتىشتىن چىقىرىۋېتىشكە باشلىغان. كوبانى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىكنىڭ ئەممىسى ئامازوننى ئامېرىكانىڭ بەك قالتىس شىركىتى دەپ بىلىدۇ. ئەمما، ئامازوننىڭ پۇل تېپىپ كېتىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىغا ياردەم، ئىلھام ۋە يول ھازىرلاپ بەرگەنلىكىدىن بولغان. ھالبۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن خەۋەرسىز.»

## سودا جاسۇسلۇقى 2.0 نەشرى

سودا جاسۇسلۇقى ۋە ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى توغرىسىدا ئادەتتە بەك كۆپ گەپ بولمايدۇ.

ناۋادا بىر جاۋاھىراتلار دۇكىنى ياكى بىرەر مۇزېي بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىسا، ساقچىلار نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىدۇ. تاراتقۇلاردىمۇ بۇلاڭ-تالاڭ ۋەقەسى خەۋەر قىلىنىدۇ ۋە قانچىلىك پۇلغا زىيان بولغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. زىيان بولغان پۇل سوممىسىمۇ «ئىككى مىليونلۇق جاۋاھىرات» ياكى «ئون مىليونلۇق رەسىم» دېگەندەك ئېنىق سوممىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كىشىلەر ئىش ئۈستىدە، تۆتتىردا ياكى ئاخشاملىق گەپ ساتار تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا بۇ خىل دېلولار تىلغا ئېلىنماي قالمايدۇ. جىنايەت گۇماندارىنىڭ سالاھىيىتى ئېنىقلانغان ھامان، ساقچى تەرەپ جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇشقا دەرھال ئاتلىنىدۇ. بىراق، سودا جاسۇسلۇقى ياكى ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقىغا كەلگەندە ئىش يۇقىرىقىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ خىلدىكى دېلولار ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر پەقەت ئىنتايىن تار دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. سودا جاسۇسلۇقىنى قاملاشتۇرۇپ قىلالىغان تەقدىردە، بۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغىنىدىن بارچە ئىنسۇ-جىن خەۋەرسىز قالىدۇ. سودا جاسۇسلۇقى ياكى ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىق دېگەنلەر ھۆججەتنى كۆپەيتىۋېلىش، پىلاندىن خەۋەردار بولىۋېلىش، خىمىيىلىك تەڭلىمىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش، كومپيۇتېرنىڭ مەخپىي نومۇرىنى يېشىۋېتىش، ئەسلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئىگە بولىۋېلىش قاتارلىقلاغا چېتىلىدۇ. بۇ قىلمىشلار مۇزېينىڭ تېمىدىن پىكاسونىڭ داڭلىق رەسىمنى ئوغرىلاپ قېچىش دېلوسىغا ئوخشىمايدۇ.

2014-يىلى مەلۇم چوڭ تېپتىكى خەتەردىن ساقلىنىش فوندىنىڭ خوجايىنى ماڭا بىر ھۆججەتنى ئەۋەتىپتۇ. بۇ ھۆججەت مەزكۇر خوجايىننىڭ مەخپىي ھالدا مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرگە ئىلتىجا قىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان بولۇپ، ھۆججەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا كارخانىلىرىدىكى قانۇنسىز

www.uyghurkitap.com

قىلمىشلىرى ئەكشۇرۇپ چىقىلغان ئىكەن. دوكلاتتىكى ۋەقەنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ۋە تەپسىلاتى دوكلاتنى ئوقۇغان كىشىنى ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. دوكلاتتىكى بايانلار مېنىڭ چۈشەنچىلىرىمنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى.

دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەمدى ئىش باشلىغان مەلۇم تېخنولوگىيە شىركىتى ئۆ ئىشلەپچىقارغان تېخنولوگىيەلەر سەۋەبلىك خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ رەقىبى دەپ قارىغان بۇ شىركەتنى ئاستىرتتىن ۋەيران قىلىش ۋە ئۆزگە كېرەكلىك تېخنولوگىيەنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شىركەتكە خاككېرلىق ھۇجۇمى قوزغىغان. ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق.

ئامېرىكانىڭ بىر خىمىيە شىركىتى دەۋر ھالقىغان مۇھىت ئاسراش تېخنولوگىيىلىرىدىن بىرىدە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. بۇ سەۋەبلىك شىركەت مۇقىم سۈرئەتتە يۈكسىلىپ ماڭغان. شىركەتنىڭ ئىگىلىرى بەش يىل ئىچىدە شىركەتنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشنى پىلانلىغان. ئەپسۇسكى، ئويلىمىغان يەردىن بۇ شىركەت كۆزلىگەن پايدىغا يېتەلمەس بولۇپ قالغان. مال يەتكۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك تارمىقىدىنمۇ مەسىلە كۆرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، شىركەت سېتىش بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى ئىشتىن بوشاتقان. ئەمما، مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىغان. شىركەتنىڭ ئىگىلىرى شىركەت باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، شىركەت باشقۇرغۇچىلىرىدىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، شىركەت ئۆزىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى سىرتقا ھېچقانداق شەكىلدە ئاشكارىلىغان بولۇشىغا قارىماي، بىر خىتاي شىركىتى تەرىپىدىن سېتىۋېلىش تەكلىپى سۇنۇلغان خەتنى تاپشۇرۇۋالغان. شىركەتكە قويۇلغان سېتىۋېلىش باھاسىمۇ شىركەتنىڭ ئىگىلىرىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان. شىركەتكە قويۇلغان باھا شىركەتتە مەسىلە كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرىكى شىركەت قىممىتىنىڭ يەتتە ھەسسىسە تۆۋەن بولغان. مەزكۇر سېتىۋالماقچى بولغان تەرەپ شىركەتنىڭ مەلۇماتىنى بىلمەي تۇرۇپ، قانداقسىگە شىركەتنىڭ بازار قىممىتىنى بۇنچىۋالا توغرا ھېسابلاپ چىقالايدۇ؟ شىركەت باشقۇرغۇچىلىرى مانا بۇنىڭدىن ھەيرانۇ ـ ھەس قېلىشقان. تەكلىپتە، ھەتتا شىركەتنىڭ يېقىنقى ئۈچ ئايدا تارتقان زىيىنىمۇ ھېسابلاپ چىقىلغان. ئاقىۋەتتە، شىركەتنىڭ خوجايىنى رازۋېتچىك تەكلىپ قىلغان. نەتىجىدە، شىركەتنىڭ خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم بولغان. خاككېرلىققا ئۇچرىغىنى يالغۇز مەزكۇر شىركەت بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى شىركەتمۇ خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. خاككېر شىركەتنىڭ پايدا ئېلىش نىشانىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان، شۇنداقلا شىركەتنىڭ ئەمەلىي قىممىتى تۆۋەنلەپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، شىركەت زىيانغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سېتىپ چىقىرىۋېتىلىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىمۇ خاككېر تەرىپىدىن بىلىنگەن.

خاككېر ئىنسۇ ـ جىنمۇ سېزەلمەيدىغان ئۇستىلىقنى ئىشقا سالغان بولۇپ، مۇئەييەن ئېلخەت يوللانمىلىرىغا مەخسۇس قول سالغان. ئەگەر شىركەت خېرىدارغا مال زاكاز يوللانمىسى ئەۋەتمەكچى بولسا،

خاككېر مەزكۇر ئېلخەت يوللانمىسى ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يوق قىلغان. ئوخشاشلا، خېرىدار شىركەتكە زاكاز ئەۋەتسە، زاكاز ئىلتىماسى. سېتىش بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ئېلخەت ساندۇقىغا. كىرمەي تۇرۇپلا خاككېر تەرىپىدىن ئۆچۈرۈلۈۋېتىلگەن. شۇ ۋەجىدىن، سېتىش بۆلۈمى زاكاز تەلىپى تاپشۇرۇۋالالمىغان. خاككېر پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا مەزكۇر شىركەتنىڭ سېتىش مىقدارىغا زىيان سالغان. بۇ خىل خاككېرلىق ئەھۋالى دىققەت قوزغىغاندىن كېيىن، خاككېر سەل ھوشنى يىغقان. ئاقىۋەتتە، ئەگەر سېتىش بۆلۈمىگە مىڭ تال زاكاز تەلپى كەلسە، خاككېر بۇ تەلەپنىڭ توققۇز يۈزنى قالدۇرۇپ قويغان. بۇ خىل ھۇجۇملار شىركەتنىڭ پايدىسىغا ئېغىر سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ خىلدىكى مۇكەممەل پىلان ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان تېخنىكىلىق ھۇجۇم كۆلەم ۋە سەۋىيە جەھەتتىن پەقەت بىرەر دۆلەتنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

بۇ خىل پەسەندى قىلمىش خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۆرۈشىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى بىزگە تونۇتۇپ قويىدۇ. بۇ نوقۇل ھالدىكى ئوغرىلىقتىنلا ئىبارەت ئەمەس. كارخانىچىلىق ساھەسىدە، شىركەتنىڭ ئىچكى ھۆججەتلىرىنى كۆپەيتىۋېلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىش جاۋاھىرات دۇكىنىدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى بۇلىغانغا ئوخشاش ھالدىكى ئېغىر جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەزى ھاللاردا سانائەت ئىستراتېگىيىسى بەلگىلەپ، يېشىل تېخنولوگىيەلەرگە ئىگە بولۇشنى ئەڭ مۇھىم پىلانلار دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. سۆزىمىزگە قايتساق، خىتاي ئامېرىكا خىمىيە شىركىتىنىڭ ئىشقا كىرىشكىنىنى بىلگەندىن كېيىن، دەسلىپىدە بۇنىڭ پىلانىنى تۈزگەن ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى تور ئىشپىيونلۇقى جەھەتتە پىلان تۈزۈشكە چاقىرغان. ئاندىن خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۆتۈپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى خىتاي شىركەتلىرىدىن بىرىنىڭ نازارەت قىلىشىغا ۋە كۆزۈتۈشىگە سۇنغان. خىتايدىكى شىركەتنىڭ مەقستى مەزكۇر ئامېرىكا شىركىتىگە ئېغىر تالاپەت كەلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق زىيان تارتقۇزۇپ، ئاقىۋەتتە شىركەتنى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھاغا سېتىۋېلىپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېھتىياجلىق بولغان تېخنولوگىيەنى قولغا چۈشۈرۈش بولغان. بۇ ھال خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا كارخانىسىغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەن 2014 ـ يىلى ئامېرىكا مەسلىھەتچىلەر بىرلەشمە كومىتېتىغا كىرگىنىمدە، بۇ دوكلاتنى ئۆزۈم دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا ئۇچراتقان ھەر بىر شەخسكە دېگۈدەك كۆرسىتىپ چىققان ئىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى. ئو.خشاشلا «ۋاي خۇدايىمەي، نېمىدېگەن قو.رقۇنچلۇق ئىش بۇ!» دېيىشتى. ئەمما، ئا.رقىدىنلا «بۇ مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدىكى ئىش ئەمەس» دېيىشكەن بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ھەربىيلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇشى نورمال. ئارمىيەنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىدە ئۇرۇش پىلانى ئېلىپ بېرىش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىش ۋە تەرتىپ ساقلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنداقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا كارخانىلىرىنى قوغداش كىمنىڭ ۋەزىپىسى؟ بۇنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى يوق! بىراق، مېنىڭ نەزىرىمدە، ئامېرىكا كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن ھۇجۇملار ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خىتاينىڭ بۇ خىلدىكى ھۇجۇمچىلىقى دۈشمەنلىك بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلمىشى خەلقئارالىق قانۇنغا خىلاپ. خىتاينىڭ پۈتۈن ئەس ياكى ئامېرىكاغا زىيان سېلىشتىن ئىبارەت.

شۇنداق قىلىپ مەن مالىيە مىنىستىرلىقى، سودا مىنىستىرلىقى، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى قاتارلىقلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ ئىنكاسى مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. «خىتاي بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەس. ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز. بىزنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىمىز بار.» ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى مانا بۇ. مەن ھە دېگەندىلا مۇشۇ خىل جاۋابقا ئېرىشتىم. مەن ئۇلارغا روبىرو تۇرغىنىمدا ئىچىمدىن «بىراق، بايا مەن دەلىل ئىسپاتنى ساڭا كۆرسەتتىم. ئىسپاتلانغىنى ئۇلارنىڭ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس ئىكەنلىكى ئىدىغۇ» دېگەنلەر سادالار ياڭرايتتى.

ئاقىۋەتتە مەن بىر ئىش تونۇپ يەتتىم. ئۇ بولسىمۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە خىتاينىڭ سودا ئىشپىيونلۇقىغا ۋە ئىقتىسادىي ئۇرۇشىغا تاقابىل تۇرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. بۇ ئۆز بېشىغا پىت قويىدىغان بىر ئىش بولۇپ، ھېچكىم بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشنى خالىمايتتى. ئاقىۋەتتە، مەن ئۆزۈم خىزمەت قىلىۋاتقان مەسلىھەتچىلەر بىرلەشمە كومىتېتىدىن بىر پىكىرداش تېپىۋالدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىشنى خالايمەن. بىراق، مەن ئۇنى بىر قەھرىمان دەپ بىلىمەن. بۇ قېرىندىشىمىز باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ھالدا، ئىقتىسادىي ئۇرۇشنىمۇ ھەقىقىي رەۋىشتىكى ئۇرۇش، بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى مەسئۇل بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى. ئۇ مېنىڭ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى شەرمەندىچىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشىمغا قوشۇلدى. شۇنداقلا، مېنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشىمغا يول كۆرسەتتى.

بىراق، باشقىلارغا بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمنى ئېيتقىنىمدا، باشقىلار ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن «سەن نېمىشقا بۇ ئىشقا ئارىلىشىسەن؟» دەپ سوئال قويغان بولدى. «بۇ ئىشقا ھېچكىم ئارىلاشمىغاچقا، مەن ئارىلىشىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

## سودا بازىرىدىكى قالايمىقانچىلىق

بۇزغۇنچىلىق سېلىش ۋە سودا ئىشپىيونلۇقى خىتاينىڭ خەلقئارا بازارنى قالايمىقان قىلىشتىكى كۆپ خىل ۋاستىلىرىدىن ئىككىسىدۇر. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنە ھەر خىل دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئوخشىمىغان ئىستراتېگىيىلىرى بار.

خىتاينىڭ بۇ خىل تاكتىكىلىرى توغرىسىدا گەپنى بوزەك قىلىش تاكتىكىسىدىن باشلايلى. خىتاي دېڭىز مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ تەمىنلىگۈچىسى ھېسابلىنىدۇ. 2017-يىلى بېلىقتىن يەتمىش مىليون توننا ئەتراپىدا ھوسۇل ئالغان. يالغۇز تۇتۇلغان بېلىقچىلىق كەسپىدىلا خىتاينىڭ بىر مىليون خىزمەتچىسى بار. بۇ جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 2016-يىلى خىتاينىڭ بېلىقچىلىق ئېكسپورتى ئومۇمي قىممىتى 19 مىليارد 300 مىليون دوللار بولغان.

غەلىتە يېرى شۇكى، 2017-يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا خىتاينىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە تۇتۇلغان بېلىقلارنىڭ نىسبىتى 11.9 پىرسەنت تۆۋەنلەپ، باشقا دېڭىز-ئوكيان تەۋەلىكىدە تۇتۇلغان بېلىقلار 2016-يىلىدىكىگە قارىغاندا 14.2 پىرسەنت ئاشقان.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيا مىقياسىدا دېڭىز مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاتمىش پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان خىتاي ئۆز دېڭىز تەۋەلىكىدىكىدە بېلىقچىلىق سانائىتى بىلەن چەكلىنىپ قالسا، يۇقىرى چەكتىكى دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچىمىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، خىتاي قانداق ئۇسۇل قوللىنىدۇ؟ خىتاي بېلىقچىلىق پاراخوتلىرىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دېڭىز بىلەن چېگرىداش دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىگە ئەۋەتىپ، دائىملا دېڭىز ئارمىيىسى ئاجىز، ھەتتا دېڭىز ئارمىيىسى بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە ياۋزۇلارچە بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شۇ نەرسە ئېنىق بولغايكى، خەلقئارالىق دېڭىز تەۋەلىكىدە بېلىق تۇتۇش تامامەن قانۇنلۇقتۇر. ئەمما، ئېكۋاتورنىڭ گالاپاگوس ئارىلىدا بېلىق تۇتۇش خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ ھېسابلىنىدۇ. 2017-يىلى، 8-ئايدا يىگىرمە نەپەر خىتاي بېلىقچى بۇ ئارالدا 6600 دانە ئاكۇلا تۇتۇپ پاش بولۇپ قالغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا قارار قىلىنغان «دېڭىز قانۇنى»دا (Law of the Sea) بىر دۆلەت ئۆز دېڭىز قىرغىقىدىن ئىككى يۈز دېڭىز مىل يىراقلىقىچە بولغان رايونلاردا بېلىقچىلىق سانائىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. خىتاينىڭ بېلىقچىلىق كېمىلىرى ئارگېنتىنا، چىلى، پېرۇ ۋە جەنۇبىي ئامېرىكادىكى باشقا دۆلەتلەردە كۆپ قېتىم كېزىپ يۈردى. 2016-يىلى 3-ئايدا، ئارگېنتىنا دېڭىز چارلاش ئەترىتى خىتاينىڭ «لۇ يەن يۈەن يۈ» ناملىق پاراخوتىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ پاراخوت ئارگېنتىنا دېڭىز تەۋەلىكىدە بېلىق تۇتقان. ئارگېنتىنا تەرەپ ھاۋاغا ئوق چىقىرىپ، كېمىدىكىلەرنى بېلىق تۇتۇشتىن قولىنى تارتىش ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغان. خىتاي پاراخوتى قەستەنلىك بىلەن ئارگېنتىنا دېڭىز چارلاش ئەترىتىنىڭ پاراخوتىغا ئۈسسىگەن. ئەمما، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەتكەن تىققان. ئارگېنتىنا دېڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

چارلاش ئەترىتى بۇ قىلمىشقا جاۋابەن خىتاي پاراخوتىنى ئوققا تۇتقان، نەتىجىدە خىتاي پاراخوتى چۆكۈپ كەتكەن. نۆۋەتتە خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان بېلىقچىلىق پاراخوتلىرىغا سوقۇلۇشتىن كېلىپ چىققان لەپپەڭشىشتىن ساقلىنىش ئەسۋابى ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك باشقا پاراخوتلار خىتاي بېلىقچىلىق پاراخوتلىرىغا يېقىنلىشىشقا ئامالسىز قالغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە ئۆزلىرىنىڭ بېلىقچىلىق پاراخوتلىرىنى تىزگىنلەشنى ئۈستۈرۈدىغانلىقىنى جاكارلايدىغان بولسىمۇ، خىتاي بېلىقچى پاراخوتلىرى تېخىچە ھەتتا جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق خىتايغا تولىمۇ يىراق رايونلاردىمۇ كېزىپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئوغرىلاش شۇم نىيىتىدە كىچىك دۆلەتلەرنى قوراللاندۇرۇش خىتاينىڭ تاكتىكىلىرىدىن يەنە بىرىدۇر. تەرەققىياتقا ياردەم بەرگەن سىياقتا كىرىۋېلىپ، يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش خىتاينىڭ تاكتىكىلىرىدىن يەنە بىرىدۇر. خىتاي يەر شارى مىقياسىدا ئۇل ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش ۋە كېڭەيتىش نامىدا نەچچە تىرىلىيون دوللار مەبلەغ سېلىپ بىر بەلباغ، بىر يول پىلانىنى ئىجرا قىلىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا يېيىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. بىر بەلباغ، بىر يول پىلانىنىڭ تەسىرى كېيىنرەك مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. گەپ خىتاينىڭ بازار كونترولى ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئىكەن، بىز بۇ جەھەتتە ئىككى ئىشقا نەزەر ئاغدۇرىمىز. دېڭىز ترانسپورتىنى كونترول قىلىش توشۇشنى كونترول قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىرىسقا دۇچ كەلگەن دۆلەتلەردە ئۇل ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش، ياردەمگە ئېرىشلگەن دۆلەتتىن ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىشتىكى ياخشى ئۇسۇل. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى قەرز قىلتىقى ۋە ياردەمگە ئېرىشكەن دۆلەتنىڭ بازىرىنى قولغا چۈشۈرۈش قىلتىقىدىن ئىبارەت.

خىتاينىڭ قانداق قىلىپ چەتئەل مەبلىغى ياردىمىنى ياردەمگە ئېرىشكەن دۆلەتنى كونترول قىلىشقا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنىڭ يېقى مىسالى سىرىلانكادىكى خامبانتوتا پورتى قۇرۇلۇشىدۇر. سىرىلانكا ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ھالىدىن كەتكەنلىكتىن نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ھېچقايسى دۆلەتنىڭ سودا ھەمكارچىسى سۈپىتىدە ئالدىن ئويلىشىلمىغان بىر دۆلەت. سىرىلانكا پرېزىدېنتى ماھىندا راجاپاكسا (Mahinda Rajapaksa) ئون يىلدىن بۇيان ھاكىمىيەت سوراپ كېلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى خىتاي دېڭىز قولتۇقى ئېنژېنېرلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى چوڭ تېپىلىق سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولۇپ، شىركەت سىرىلانكىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان يېرىگە نەچچە ئون مىليارد دوللار مەبلەغ بىلەن چوڭقۇر قېزىلغان پورت قۇرغان. راجاپاسكا 2015 ـ يىلىدىكى پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا مەغلۇپ بولغان بولۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئۇنىڭدىن قالغان قەرزگە بوغۇلغان. خىتاي بۇ چاغدا ئەينى ۋاقىتتىكى ساخاۋەتكارلىق ئوبرازىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز سۈيلىگۈچى سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قەرزنى يېنىكلىتىش

توغرىسىدىكى سۆھبەت تەكلىپىنى رەت قىلغان. شۇنداق قىلىپ، 2017 ـ يىلى سىرلانكا ھۆكۈمىتى مەزكۇر پورتنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ۋە ئون بەش مىڭ مو زېمىنىنىڭ 99 يىللىق ئىشلىتىلىش ھوقۇقىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

نۆۋەتتە خىتاي ئۆز ياسىمچىلىق كەسپىنىڭ ئەڭ چوڭ رىقابەتچىسى ھىندىستاننىڭ تۇمشۇقىدىلا بىر پورتقا ئىگە بولدى. گەرچە خامبانتوتا پورتى ھەققىدىكى كېلىشىمدە خىتاينىڭ بۇ پورتنى ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خىتاينىڭ كۆڭلىدىكى بىردە توختامنى چۆرۈپ تاشلىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا. دېمىسىمۇ، قانۇن ـ نىزاملارغا پوش دېمەسلىك خىتاينىڭ دائىمي ئادەتلىرىنىڭ قاتارىدا.

ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئەمەلىيەتتە سىرلانكىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلمىغانلىقى قۇياشتەك ئايدىڭ. خىتاي بۇ دۆلەتنى تاغدەك قەرزگە كۆمۈۋەتتى. ئۆزى بولسا دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي كونتروللۇقىنى قولغا چۈشۈردى.

خىتاي ئافرىقىدا ئىنتايىن ئاكتىپ ھەرىكەتلەردە بولۇپ كەلدى. 2018 ـ يىلى شى جىنپىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئاتمىش مىلياردتىن سەكسەن مىلياردقىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەش ۋەدىسىنى بەردى. شى جىنپىڭ بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن:«خىتاي ئافرىقىنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئارىلاشمايدۇ. شۇنداقلا، ئۆز ئىرادىسىنى ئافرىقىغا زورلاپ تاڭمايدۇ.»«بىزنىڭ مۇھىم بىلىدىغىنىمىز تەرەققىيات تەجرىبىلىرىمىزنى ئورتاقلىشىش شۇنداقلا ئافرىقا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.»

بىراق، خىتاينىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلىش بېشىغا تۆگمەس بالا تاپقانلىق. ناۋادا خىتاي (قانداقلا بىر دۆلەتتە) تېلېفون ئالاقە قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرسە، شۇ دۆلەتنىڭ IP سىغا ئىگە بولىۋالىدۇ. ئەگەر بىر خىتاي شىركىتى (ھەر قانداق بىر دۆلەتتە) ئېلېكتېر زاۋۇتى قۇرسا، بۇ زاۋۇتنىڭ پىلانى ۋە تىجارىتىنى ئۆزى كونترول قىلىۋالىدۇ. سىرلانكىدىكى پورتقا ئوخشاش قۇرۇلۇشلارنىڭ قەرز قىلتىقى بولۇش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى چوڭ. خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى ئۇل قۇرۇلۇشلارنى كونترول قىلىۋېلىشى خىتايىنى باشقا ساھەلەردە تېخىمۇ بېسىم چۈشۈرۈش ئەۋزەللىكىگە ئىگە قىلالايدۇ. دوكلاتلاردىن بىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئافرىقا دۆلەتلىرى تەيۋەننى دۆلەت سۈپىتىدە تونۇماسلىققا مەجبۇرلانغان. شۇنىڭدا شەك يوقكى، بۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تىبەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى باستۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشى چوقۇم. بۇ ئەھۋالدا، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان قىلتاققا ئايلىنىپ قالىدۇ دېگەن گەپ.

ئاۋاز ئەلچىسى شىركىتى خىتاينىڭ شېنجېن شەھرىدىكى يانفون ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى ھېسابلىنىدۇ. 2006 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ شىركەت ئافرىقىنىڭ يانفون بازىرىنى ئىگىلەپ، كورىيەنىڭ دۇنياغا مەشھۇر سامسۇڭ شىركىتىنىڭ ئافرىقىدىكى باشلامچىلىق ئورنىغا ئىگە بولىۋالغان. خىتاينىڭ ئاۋاز ئەلچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېلېفون شىركىتى ئافرىقىغا خاس بىر تۈركۈم لايىھەلەردە بولغان بولۇپ، بىر تېلېفوندا بىر قانچە تېلېفون كارتىسى قوللاش كۈزنىكى بولۇش قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. بۇنداق بولغاندا بىردىن كۆپ كىشى بىر تېلېفوندىن ئورتاق بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇ شىركەت يەنە تېلېفون باتارىيەسىنى نىسبەتەن چوڭ ھەم باتارىيە قۇۋۋىتى كۈچلۈك قىلىپ لايىھەلىگەن بولۇپ، ئافرىقىدەك ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى كەمچىل دۆلەتلەرگە ماس كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ شىركەتنىڭ ئىستېمالچىلارنى جەلپ قىلىش چارىسى قەستەنلىك بىلەن باھانى چۈشۈرۈپ تېلېفون سېتىش بولغان. نەتىجىدە، بىر دانە ئەللىك ئامېرىكا دوللىرىدىن ئىبارەت ئازغىنە پۇلغا ساتقان. بۇ خىتاي شىركىتى يېڭىلىق يارىتىش ۋە يامان غەرەز ئاساسىدا ئافرىقا بازىرىنى ئىگىلىگەن. ھالبۇكى، بۇ شىركەتنىڭ بۇنداق تۆۋەن باھادا تېلېفون سېتىش ئارقىلىق تارتقان زىيىنىنى خىتاي بانكىسى تۆلەپ بېرەمدۇ-يوق؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مەزكۇر شىركەتنىڭ تېلېفونلىرىغا جەلپ قىلىنغان ئافرىقىلىق ئىستېمالچىلار ئۆز مەخپىيەتلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىدىن قورقماستىن مەزكۇر تېلېفوننى خاتىرجەم ئىشلىتەلەمدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. نۇرغۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرىگە قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۇ شىركەتنى كونترول قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەر بىر خىتاي شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتى چوقۇم بىردىن كوممۇنىستىك پارتىيە خادىمىنى شىركەتكە ئىشقا قويۇشى كېرەك. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئافرىقا دۆلەتىدە خىتاينىڭ ئاۋاز ئەلچىسى شىركىتىنى ئىشلەپچىقارغان تېلېفونلار ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بۇ دۆلەتلەر دۈچ كېلىدىغان خەتەرمۇ ئوخشاشلا دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە خىتاي ياسىغان ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىدىغان شەخس دۈچ كېلىدىغان خەتەرگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەتەر — ئۇلارنىڭ تېلېفونىدىكى ماتېرىياللار خالىغان ۋاقىتتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەقسىتىگە يېتىش، ياكى ئىجتىمائىي كونتروللۇقنى قولغا چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

## كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار

يەر شارىدا دىسپوزىي، نېئودىمىي، گادولىن ۋە بىتتېربىي قاتارلىق ئىسىملار كىشىگە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئىسىملىرىدەك ئاڭلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلار بىز ياشاۋاتقان بۇ رەقەملىك دەۋردە كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتلار بولۇپ، «كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار» دېيىلىدۇ. بۇ ئېلېمېنتلار ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون، كومپيۇتېرلارنىڭ قاتتىق دىسكىسى، رادار ۋە ئىلغار قورال-ياراقلارنىڭ مۇھىم زاپچاسلىرى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا دېڭىز شىياۋپىڭ «ئوتتۇرا شەرقنىڭ نېفتى بولسا، خىتاينىڭ

كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلىرى بار» دېگەن ئىكەن. ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار مەۋجۇت. مەسىلەن، ئامېرىكانىڭ كالىفورنىيە شىتاتىدا ئەينى چاغدا كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار مەيدانى بولۇپ، ئۆتمۈشتە ۋەيران بولغان مولى كورپ دېگەن كان شىركىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. ئەمما، كېيىنچە ختاي كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلارنى ئەرزان باھادا ساتقاندىن كېيىن، دۇنيادىكى بۇ تىجارەتنى قىلىدىغان باشقا شىركەتلەر بازاردىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. 2019 ـ يىلى ختاي پۈتۈن دۇنيانىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ 95 بەش پىرسەنتىكە يېقىن دەرىجىدە قامدىدى. شۇ ۋەجىدىن ختاي دۇنيادىكى بارلىق ئېلېكترون مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ جان تومۇرىنى ئىگىلىۋالغان. ختاي ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى سانائىتىدە ئەگەر قايسى شىركەتنى كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنت بىلەن تەمىنلىمەسلىك ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشىنى خالىسا، شۇنداق قىلالايدۇ. ختاي كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى چەكلىسە، ياكى ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرىنى ئالالىغۇدەك ئادەم قالمايدىغان يامان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ.

ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ يۈرىكى سىرقىرايدۇ. ئەمما، كىشىنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ سىرىيىدىغىنى ختاينىڭ ئۆز ئالدىغا بازار ئىگىلىۋېلىش قىلمىشىدۇر. ختاي يەنە دۇنيادا سېمونت، پولات ـ تۆمۈر ۋە خىمىيىلىك ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ختاينىڭ يېقىنقى يىللاردىكى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك يۈكسىلىشىنى كۆپلىگەن سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئەمما، كىشىنى ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرىدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، ختاي 2011 ـ يىلىدىن 2013 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلەتكەن سېمونتنىڭ مىقدارى ئامېرىكا 20 ـ ئەسىر ئىچىدە يۈز يىلدا ئىشلەتكەن سېمونتتىنمۇ كۆپ. «ئىقتىسادشۇناس» ژۇرنىلىنىڭ بۇ ھەقتىكى ستاتىستىكىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2015 ـ يىلىغا كەلگۈچە ختاي پۈتۈن دۇنيانى سوغۇق ھاۋا ئەسۋابى ئىشلەپچىقىرىشتا سەككىز ھەسسە، تېلېفون ئىشلەپچىقىرىشتا يەتتە ھەسسە، ئاياق تۇرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئالتە ھەسسە قاتلىۋەتكەن. بۇنچىۋالا كۆپ مىقداردىكى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرالاش ئۈچۈن قۇرۇلغان زاۋۇت ـ فابرىكىلار ئۈچۈن ئاشۇنچىۋالا كۆپ سېمونت كېتىشى ئەلۋەتتە ھەيران قالارلىق ئەمەس.

## تۆتىنچى باب: ئەسكىرىي كىرىزىس

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە بولسا كېرەك، ئامېرىكا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى دۇنيادىكى ئەڭ زور ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇش ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، بۇ خىل ئەۋزەللىكنىڭ ئاللىقاچان قۇيرۇقىنى قۇم باستى. مەندەك سابىق ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى ئەمەلدارىنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلارنى قەلەمگە ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىيدىغان بىر ئىش. بىراق، ئامېرىكا راستىنلا رىئاللىققا تامامەن يۈزلىنىدىغان پەيتكە كەلدى. ئەسلىدە يىگىرمە يىل ئىلگىرىلا رىئاللىققا يۈزلىنىشى كېرەك ئىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ دۇنيادا ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە بولۇشى پرېزىدېنت رېگان دەۋرىدىكى «ئەمەلىي كۈچ تىنچلىق ئېلىپ كېلىدۇ» سىياستى ئاستىدا روياپقا چىققان بولۇپ، بۇ سىياسەت ئاستىدا ئامېرىكا قورال-ياراق، ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە ئارمىيەگە دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق دۆلەتتىكىدىن كۆپ ئىقتىساد ئاجرىتىشنى باشلىغان. بىراق، گەرچە بۇ ھەقتە ئاجرىتىلغان چىقىم ئىزچىل رەۋىشتە ئۆسۈپ ماڭغان بولسىمۇ، ئامېرىكانىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ساھەسىدىكى رەھبەرلەر باشتىن ئاياق خىتاينىڭ نەچچە ئون يىللار مابەينىدە ئىستراتېگىيىلىك ئۆرلەش ئېلىپ بېرىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشتىن ئاجىز كەلدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بۇ جەھەتتە چۈشەنچىسى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى سەركىلىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن يېتىشىۋېلىنىش خىرىسىغا دۇچ كەلدى. خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئامېرىكاغا يېقىنلاپ كېلىشى ئىستراتېگىيە، زېمىن، تېخنولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەرنى ۋە باشقا جەھەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 1990-يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە ھەربىي تەتقىقاتقا چىقىم ئاجرىتىش ۋە بارلىق يۇقىرى راسخوتلۇق ھەربىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ قىسلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ئامېرىكانىڭ ئەسكىرىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنىڭ نېمىشقا بارغانچە چېكىنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەسكەر تۇرغۇزۇش جەھەتتە، ئامېرىكا ئارمىيىسى چەبدەسلىك بىلەن يۆتكىلىش ۋە دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسى يەر شارى مىقياسىدىكى جىددىي ھادىسىلەرگە دەل ۋاقتىدا قول تىقىش ۋە يۆتكىلىش سۈرئىتى جەھەتتە شۇ ئانمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بىراق، ئامېرىكا ھەربىي سانائىتىنىڭ سودىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدىغان خۇيىنى ئۆزگەرتىش ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇنداقلا، ئامېرىكا ئارمىيىسى دائىملا قىسقا مۇددەتلىك ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىش ۋە ھەربىي قورال-ياراقلارنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىۋېلىپ، ئەكسىچە تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىرىشقا، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان بىلەن ئىش كۆرۈشكە ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ ئاساسى جەھەتتە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشكە سەل قارىدى. بۇ خىل ئەھۋاللار ئامېرىكا ئارمىيىسىنى ئۆزىنى تەرتىپكە سېلىشى، قايتىدىن تەشكىللىنىشى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى قاتارلىقلاردىن چەكلەپ قويىدى.

بەش بۇرجەكلىك بىنادىكى ھەربىي ئەمەلدارلار زامانىمىزدىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئىنتېرنېت ۋە ئىقتىسادنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىپ قويۇشى كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ماتېرىياللىرىنى (ئەمەلىي ھەربىي قىسىملارغا ئوخشاش) قوغدايدىغان تور قىسىملىرىمىز قەيەردە؟ ئىقتىسادىي ئۇرۇش ۋە قارشى تەشۋىقات ئىشخانىمىزچۇ؟

مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ھەرگىز ئامېرىكا ئارمىيەسىنى چۆكۈرمەكچى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ تېخىمۇ بەكرەك قۇدرەت تېپىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچىمەكلىكىگە بولغان نارازىلىقىمنى ئىپادىلىمەكچى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن بۇيان، ئامېرىكا دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان «دۇنيا ساقچىسى»لىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. شۇنداقلا، بىزنىڭ ھەربىي كۈچىمىز ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق قاتارلىق جايلاردىكى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىنىشىغا، ئۇرۇشلارنىڭ ئاياغلىشىپ، تىنچلىقنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ئافغانىستان ۋە ئىراقتا يىگىرمە يىلغا يېقىن ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئىككى ئۇرۇشنىڭ بەدىلى بەك ئېغىر بولدى، ئەسلىدە بىز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك بولمىغان نۇرغۇن چىقىملار ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئەسلىدە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولغان غايەت زور خىراجەت ئاخىرىدا ئامېرىكاغا ئارتىپ قويۇلدى. بۇ ئۇرۇشلاردا غايەت زور قوشۇن ۋە ئەسلىھەلەر ئىشلىتىلىپ، نەچچە مىليارد دوللار چىقىم قىلىندى. بۇ ئامېرىكىنى مۇشكۈلاتقا دۇچار قىلدى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى ھەربىي قورال - ياراغ تەتقىقاتى، ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئۇرۇشى، شۇنداقلا خىتاي مۇداپىئەلىنەلمەيدىغان قورال سىستېمىسى ياساپ چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەبلەغ ئاجرىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى.

ئامېرىكا ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماستىن تالىبان، ئەلقائىدە، ئىسلام دۆلىتى قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، خىتاي پۈتۈن كۈچىنى غەيرىي ھەربىي ئۇرۇشقا قاراتتى: ئۇلار زور كۆلەملىك تور ئۇرۇشى قىسمى بەرپا قىلدى، مۇرەككەپ قورال تېخنىكىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، دېڭىز پورتلىرى، ئارال ۋە ھەربىي بازىلارنى قۇرۇپ، ئۇچۇر - ئالاقە تېخنىكىسىنى جاسۇسلۇق قورالى سۈپىتىدە ئىشلەتتى، شۇنداقلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەبلىغى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

رېئاللىققا يۈزلىنىش

خىتاينىڭ تەمىنات زەنجىرى بولمىسا، ئامېرىكا بىر مەيدانمۇ ئۇرۇش قىلالمايدۇ.

ئەلۋەتتە، مۇتلەق ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئۇرۇش قىلىشنى قىلالايمىز - يۇ، ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز. چۈنكى، ھازىر ئامېرىكا ئارمىيەسى خىتايدىن سېتىۋېلىۋاتقان ماددى ئەشيا، ماتېرىياللارنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى بىلسىڭىز، چۆچۈگىنىڭىزدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالىسىز. ئامېرىكا

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىپايان ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

قانۇندا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكادا ياسالمىغان مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشى ئېنىق چەكلەنگەن، لېكىن ئامېرىكا ئۆزى ياسىغان ھەربىي ماتېرىياللارغىمۇ زور مىقداردا خىتايدا ياسالغان زاپچاسلار ئىشلىتىلگەن. ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىشلىتىۋاتقان، تىكئۇچار ئايروپىلاندىن، رېئاكتىپ ئايروپىلاندىن، ئادەمسىز ئۇچقۇدىن قويۇپ بەرگىلى بولىدىغان، «دوزاخ ئوتى» تىپلىق برونېۋىككا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئېلېكترگوچى خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ كېچىلىك كۆزەينىكىنىڭ ئەينىكىگە ئىشلىتىلىدىغان لانتان (خىمىيەلىك ئېلېمېنت، بەلگىسى La) مېتاللىنىڭ كۆپىنچىسى خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئۇرۇش پىلانى تۈزۈشتە، ھەربىي دوكلات يېزىشتا، مۇھىم ھۆججەتلەرنى بېسىش (پرىنتلاش)تا ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېرلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان. ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە جەريانىدا فىلىملەرنى قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئېكرانلارمۇ خىتايدا ياسالغان. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بوش ۋاقىتلىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئويۇن ئويناش ئۈسكۈنىلىرىنى كىم ياسىغان؟ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ يەنىلا خىتاينىڭ مەھسۇلاتى.

ئامېرىكا ئارمىيەسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان «خىتايدا ياسالغان» مەھسۇلاتلارنىڭ تىزىملىكى ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن، بۇ ھەقىقەتەن بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر ئەھۋال.

ئەگەر خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى تەمىنات زەنجىرى ئۈزۈلسە، ئالىمادىس سودا ئۇرۇشى پارتلاپ، خىتاي ئامېرىكاغا ئېمبارگو يۈرگۈزسە، شۇ چاغدا ئامېرىكانىڭ خىتايدىن زۆرۈر ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى جەڭگاھقا يەتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، بۇ ئامېرىكا ئۈچۈن ھەقىقىي قاباھەت بولىدۇ.

مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، بىز (ئامېرىكا ئارمىيەسى) مۇشۇ خىل ماتېرىيال قىسلىقنى ھەل قىلىشتا ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىش ئۈچۈنمۇ يەنە خىتايغا تايىنىمىز. ئامېرىكا ھېچقانداق كۆچمە تېلېفون ئىشلەپچىقارمايدۇ. ھالبۇكى ئامېرىكا ئارمىيەسى كۆچمە تېلېفونغا، يەنە كېلىپ زور مىقداردىكى كۆچمە تېلېفونغا موھتاج.

ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىدىن پېنسىيەگە چىققان برىگادا گېنېرالى جون ئادامىس (John Adams) 2015 ـ يىلىدىكى ماقالىسىدىلا: «ئامېرىكا ئالاقە ئەسلىھەلىرى جەھەتتە پۈتۈنلەي دېگۈدەك خىتاي ۋە باشقا دۆلەتلەرگە تايىنىدۇ. بۇ نۇقتا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ جەڭگاھتىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقىغا ئايلىنىدۇ» دېگەنىدى.

ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىكىر راستلا كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى باشقا دۆلەتلەر ياسايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال شۇ دەرىجىدە ئېغىركى، ئەگەر خىتاي ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ۋە ئارقا سەپ ئەسلىھەلىرى بولمىسا، ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۆز ۋەتىنىنى ھەرگىز قوغدىيالمايدۇ.

ھېلمۇ ياخشى، خىتاي ھازىرچە ئامېرىكاغا قارشى قوراللىق ئۇرۇشى ياكى ئەمەلىي زوراۋانلىق ۋە فىزىكىلىق ۋەيران قىلىش تېپىدىكى باشقا ئۇرۇشلارنى قوزغاشقا قىزىقمايدۇ. لېكىن، خىتاي ئۇرۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكە تولىمۇ ھېرىسمەن. خىتاي كومپارتىيەسى ھازىر ئامېرىكا ئارمىيەسىدىن پايدىلىنىپ يانچۇقىنى توملاشنىڭ، ئاندىن شۇ پۇللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى يۈكسەلدۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجېكتىدىكى ئۇل مۇئەسسەسە پىلانىنى روياپقا چىقىرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە. «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجېكتى كەلگۈسىدە خىتاي ئۈچۈن يول ئېچىپ، ئۇرۇش پارتلىغان تەقدىردە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەلقئارالىق يەتكۈزۈش لىنىيەسىگە ئايلىنالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ پۇللار ئارقىلىق يەنە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۈچۈن يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارنى سېتىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ.

دەرۋەقە، غەربنىڭ كاپىتالىدىن پايدىلىنىش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىستراتېگىيەلىرىدىن بىرى، بۇ جەھەتتە غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ شۇنداق. گېيب كوللىنس (Gabe Collins) نىڭ «دىپلومات» ژۇرنىلىدىكى خەۋىرىدە: «2013 ـ يىلى بىرىنچى ئايدىن 2015 ـ يىلى بىرىنچى ئايغىچە، خىتاي كېمىسازلىق ئېغىر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى (中国船舶重工股份有限公司) ۋە خىتاي كېمىسازلىق گۇرۇھى (中国船舶集团) دىن ئىبارەت ئىككى شىركەت پاي چېكى ۋە زايوم تارقىتىپ 22 مىليارد 260 مىليون دوللار پايدا ئالغان» دېيىلگەن.

كوللىنس تولىمۇ سەگەكلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «پاي چېكى بازىرىدىن تاپقان ھەربىر دوللار پۇلنى كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا، خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تارقىتىشقا، شۇنداقلا جەڭ پاراخوتلىرى ياساشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، خىتاي ئۆزىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىدىن ئاشۇ بىر دوللارنى تېجەپ قالالايدۇ ۋە ئۇ پۇلنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتەلەيدۇ». يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ سانى ئالللىقاچان ئامېرىكانىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. 2017 ـ يىلىدا، خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 317 دانە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بولسا ئاران 287 دانە ئۇرۇش پاراخوتى بار ئىدى.

بىز ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيەسى سېلىشتۇرمىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى بىر ئازدىن كېيىن داۋاملاشتۇرىمىز. لېكىن، بۇنىڭدىن ئاۋۋال باشقا بىر ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى. خىتاي ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئارمىيەسىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن شۇم نىيەتلىك قىلىپ، ئەكسىچە تەتۈر نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى. بىز بۇ ئىشتىن خىتاينىڭ غەرب ئەللىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئۇسۇلدا چەتئەل مەبلىغى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

توپلىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يەنە بىزگە خەلقئارالىق ئادىل تىجارەت پىرىنسىپىغا بويسۇنغاندىلا، خىتاينىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى توسۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2015 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، خوڭكوڭ ئاكسىيە بېرژىسى بىر پارچە ھۆججەت ئېلان قىلىپ، دۇنيادىكى دېڭىز پورتىدا لاتقا چىقىرىدىغان (لاي ئادالايدىغان) ئەڭ چوڭ شىركەت بولغان «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» (中国交通建设股份有限公司) نىڭ مەبلەغ توپلاپ، «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى لاتقا چىقىرىش شىركىتى» نامىدا تارماق شىركەت ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» بۇ تۈنجى قېتىملىق پاي چېكىگە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىشتا، 800 مىليوندىن 1 مىليارد دوللارغىچە مەبلەغ توپلاشنى پىلانلىغان.

نۇرغۇن خەۋەرلەردە، «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى سىپراتلى تاقىم ئاراللىرىدا تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولغان سۈنئىي ئارال بەرپا قىلغان شىركەت شۇ ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغاندى. مەزكۇر سۈنئىي ئاراللار خەلقئارا جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر تەرىپىدىن «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەزكۇر دېڭىز رايونىدا دەۋا قىلىۋاتقان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ھۆججەتچان ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان قانۇنسىز قۇرۇلۇش» دەپ قارىلىدۇ. خىتاينىڭ بۇ بىر قانچە سۈنئىي ئاراللىرى ئارىسىدا يوڭشۇ ئارىلى (永暑礁) دېيىلىدىغان بىر سۈنئىي ئارالمۇ بار بولۇپ، بۇ ئارالدا ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇچۇش ـ قونۇش يولى، شۇنداقلا باشقۇرۇلىدىغان بومبا، رادار قاتارلىق ئەسلىھەلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇنىڭغا تەخمىنەن 11 مىليارد دوللار چىقىم كەتكەن.

«خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ سۈنئىي ئارال بەرپا قىلىشقا ۋە ئارالغا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئارىلاشقانلىقى نۇرغۇن پاي چېكى بازىرى كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن خەتەرلىك سىگنالدۇر. مەسىلەن، كۆزەتكۈچىلەردىن روگېر روبىنسون (Roger Robinson) ئەنە شۇنداق قاراشتىكىلەردىن بىرى. ئۇنىڭ خەلقئارالىق خەۋپ مەسلىھەتچىلىكى شىركىتى ـــ RWR مەسلىھەتچىلىك گۇرۇھى «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش تونۇشتۇرۇشىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، مەزكۇر تونۇشتۇرۇش قوللانمىسىدا «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ئارال ياساش ئىشلىرى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان. لېكىن، مەزكۇر شىركەتنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ئارال ياساش ئىشلىرىدا قولى بارلىقى ئاشكارا خەۋەر قىلىنغان ۋە شۇ سەۋەبلىك خەلقئارانىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان، ھەتتا مەزكۇر شىركەت شۇ سەۋەبلىك قانۇنىي ماجىراغا كىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنە كېلىپ، ئامېرىكانىڭ فلورىدا شتاتىلىق كېڭەش

پالاتاسى ئەزاسى ماركو رۇبىيو (Marco Rubio) 2017 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى ۋە شەرقىي خىتاي دېڭىزىدا ئىمبارگو يۈرگۈزۈش قانۇن لايىھەسى» گەرچە هازىرغىچە دۆلەت مەجلىسىدە قاراپ چىقىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر قانۇن «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى تەۋەسىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن ياكى قېدىرىش ـ ئېچىش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان خىتايلار»غا قارىتىلىدۇ. بۇ قانۇن لايىھەسى ماقۇللىنىپلا قالسا، «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ئارال بەرپا قىلىشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ ئىمبارگوسىغا دۇچ كېلىدۇ.

روبىنسوننىڭ مەسلىھەتچىلەر ئەترىتىدىكىلەر خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسىدىن «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ مەزكۇر ئاكسىيە بىرژىسىغا يوللىغان باشقا ماتېرىياللاردا ئۆزىنىڭ (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا) ئارال ياساشقا قاتناشلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەن. خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسى بۇنداق بىر ئېتىراپنىڭ يوقلۇقىدىن مەلۇمات بەرگەن.

روبىنسون بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن بىز بارلىق مەبلەغ سالغۇچىلارغا بۇ شىركەتنىڭ ئىمبارگوغا دۇچ كېلىش ئېھتىمالىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ مەزكۇر شىركەتنىڭ پېيىنى سېتىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتقان مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ئېيتتۇق».

شۇنىڭ بىلەن، خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ۋەكىللىرى «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەزكۇر شىركەتتىن ئۆزىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ئارال ياساش ئىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مەزكۇر شىركەتنىڭ پاي چېكى ئۈچۈن خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈش قوللانمىسىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» بۇ تەلەپنى رەت قىلىپ، (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا) ئارال ياساشنىڭ ھېچقانداق نامۇۋاپىق يېرى يوقلۇقىنى ئېيتقان.

روبىنسون ئۇلار («خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى»دىكىلەر) نىڭ جاۋابىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: ‹بىز مەزكۇر دېڭىز رايونى تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان رايوندۇر، دېگەن گەپكە قوشۇلمايمىز. مەزكۇر دېڭىز رايونى خىتاينىڭ تېررىتورىيەسىدۇر. بۇ (يەنى بۇ رايوندا ئارال ياساش ۋە باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش) ئامېرىكا ئېكسون نېفىت شىركىتىنىڭ يېڭى جېرسىي شتاتىدا نېفىت قازغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش› دېگەن. ئۇلار راستلا مۇشۇنداق ئىبارىلەرنى قوللانغان».

شۇنىڭ بىلەن روبىنسوننىڭ شىركىتىدىكىلەر خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسىنى، ئەگەر «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ پاي چېكى ئۈچۈن خېرىدار چاقىرىشنى سۈپا بىلەن تەمىنلەپ

www.uyghurkitap.com

بەرسە، ئۆزىنىڭمۇ قانۇنىي جازاغا ئۇچرىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان. چۈنكى، خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسى مەزكۇر شىركەتنىڭ پاي چېكىنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئالدىن بىلگەنلىكى (ۋە شۇنى بىلەن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پاي چېكىنى تارقاتقانلىقى) ئۈچۈن، كەلگۈسىدە كوللېكتىپ ئەرز قىلىنىشقا ئۇچرىشى ئېنىق ئىدى.

روبىنسون شۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن، خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسى يەنە «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» بىلەن ئالاقىلىشىپ، <بىز سىلەرنىڭ پاي چېكىڭلارنى تارقىتالمايمىز> دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» پاي چېكى ئۈچۈن خېرىدار چاقىرىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پىشىنى قىقىپ كېتىپ قالغان ۋە شۇ شەكىلدە نەچچە مىليارد دوللاردىن قۇرۇق قالغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ئارال ياساش ئىشلىرى قانۇنسىزدۇر. ئەمما، تا ھازىرغىچە، خىتاينى (بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن) بەدەل تۆلەتكۈزەلىگەن بىردىنبىر ئىش ئاشۇ قىممەتلىك پاي چېكى ئۈچۈن خېرىدار چاقىرىش ئىشىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى بولدى».

## ھەيۋىسىنى يوقاتقان ئامېرىكا ئاۋىياماتكىلىرى

بىز ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ھەققىدە بىر ئازدىن كېيىن توختىلىمىز. «ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش پاراخوتلىرى چوڭلۇق ۋە ئىقتىدار جەھەتتە خىتاينىڭكىدىن بەكلا ئۈستۈن» دېگەن كۆز قاراشتىكى تەھلىلچىلەرنىڭ بۇنداق يەكۈن چىقىرىشىغا سەۋەب بولغىنى ئامېرىكانىڭ ئاۋىياماتكىلىرىنىڭ سان، ئىقتىدار ۋە چوڭلۇق جەھەتتە خىتاينىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقتۇر. بەزىلەرنىڭ مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئامېرىكا خىتايغا قارشى غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە دەپ قارىشىمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس.

لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ خىل قاراش تۈپتىن خاتا.

خىتاي ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ، تەبىئىي مۇداپىئە توسۇقى شەكىللەندۈرگەن. ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ مىل كېلىدۇ. ئامېرىكانىڭ ياپونىيە ۋە كورىيەدە قوشۇنى بار بولسىمۇ، شۇنداقلا ئاۋىياماتكىلار بۇ رايوندا جەڭ قىلىش جەھەتتە يۇقىرى جانلىقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ئامېرىكانىڭ بۇ كۈچىگە قارشى تۇرالىغۇدەك مۇداپىئە ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ بولدى.

نۆۋەتتە خىتاينىڭ مۇرەككەپ قوماندانلىق ۋە كونترول سىستېمىسى سەپلەنگەن، يۇقىرى توغرىلىقتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىدىن نەچچە مىڭى بار. ئۇنىڭ «شەرق شامىلى ـ 26» تىپلىق ئوتتۇرا مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 فۇت، ئېغىرلىقى 44 مىڭ قاداق كېلىدىغان بولۇپ،

ئۈنىڭغا ئەنئەنىۋى ۋە يادرو ئوقبېشى سەپلىگىلى بولىدۇ. مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەخسۇس ئاۋىياماتكىلارنى پاچاقلاش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. «شەرق شاملى ـ 26» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئېتىش مۇساپىسى 2500 مىل بولۇپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغاقلىرىدا يۆرگەن ھەرقانداق ئۇرۇش پاراخوتى، ھەتتا ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسى بازىسىدىكى ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتلىرىمۇ مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئېتىش دائىرىسى ئىچىدە. ئۇنداقتا، سىلەر ئۆزۈڭلار ھېسابلاپ كۆرۈڭلار: ئەگەر ئامېرىكا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا، بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش ـ قونالىشى ئۈچۈن، ئاۋىياماتكىسىنى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا ئورۇنلاشتۇرسا، بۇ ئاۋىياماتكا مۇتلەق ھالدا «شەرق شاملى ـ 26» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ۋە خىتاينىڭ باشقا باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ئېتىش دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. گەرچە، ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا خىتاينىڭ «شەرق شاملى ـ 26» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى توسۇپ قالالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە SM ـ 6 تىپلىق توسقۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ قولىدا يەنە جۇغى تېخىمۇ كىچىك، ئېتىش مۇساپىسى تېخىمۇ ئۇزۇن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە سۈرئىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە تېزلىكى (ئوتتۇز مىنۇتتا ئالتە مىڭ مىل مۇساپىنى باسالايدۇ) نۆۋەتتىكى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ئۈچۈن غايەت زور تەھدىتتۇر. تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، ئالمادىس ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ئامېرىكا تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىسا، جەڭ ئوتتۇز سېكۇنتتىلا ئاياغلىشىپ، ئامېرىكا مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن.

ئىقتىسادىي ئۇنۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىر نەچچە مىليارد دوللار سەرپ قىلىپلا، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز مىليارد دوللارغا پۈتكەن پاراخوتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنى ياساپ چىقالايدۇ. دەرۋەقە، ئامېرىكىنىڭ ئاۋىياماتكىلىرى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەمەلىي كۈچىمۇ ئىنتايىن زور. لېكىن، شۇلارغا تايىنىپلا تىنچ ئوكياننى چارلاش ۋە تىنچلىقنى ساقلاشتا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ نۆۋەتتىكى ئۈنۈمى ئىنتايىن چەكلىك.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، لېكىن ئامېرىكا 1987 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالاشقان «ئوتتۇرا مۇساپىلىك يادرو قوراللار ئەھدىنامىسى» سەۋەبلىك، بۇ خىل قورااللارنى ياسىيالمايتتى. مەزكۇر ئەھدىنامىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىش مۇساپىسى 500 ~ 5000 كىلومېتىر ئارىسىدا بولغان يادرو قورالىرى، يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان، ئەنئەنىۋى چارلىغۇچى سىنارەدلەرنى ياساشنى توختىشى، شۇنداقلا شۇ ۋاقىتتا قولدا بار بولغان بۇ خىل قوراللارنى ۋەيران قىلىۋېتىشى تەلەپ قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا 1991 ـ يىلىغىچە بۇ خىل قوراللاردىن 2692 نى ۋەيران قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەنى، ئامېرىكا مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئامبىرىنى قۇرۇغداپ قويغان ۋە بۇ ئارقىلىق خەۋپنى تۆۋەنلىتىپ، (ئامېرىكا. بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت) ئىككىلا تەرەپنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغان. لېكىن، خىتاي مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغاچقا، ئۆزلۈكسىز تۈردە تۈرلۈك تېخنىكىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، قورال - ياراغلىرىنى كۆپەيتىۋالغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيەمۇ مەزكۇر ئەھدىنامىگە رىئايە قىلمىغان. 2019 - يىلى ئىككىنچى ئايدا، ئامېرىكا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنا چېگراسىغا يېقىن جايغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشى تەكرار ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىمۇ، رۇسىيە بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پەرۋا قىلمىغانلىقتىن، ئامېرىكامۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئەھدىنامىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇنى خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىغا قارشى ئۈنۈملۈك، كونكرېت ئىنكاس دېيىشكە بولىدۇ.

مەن باشقىلارغا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويۇشنى خالىمايمەن. شۇڭا ئۆزۈم تەۋە بولغان ھاۋا ئارمىيەسى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتەي. ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئەھۋالىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. خىتاينىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشى سەۋەبلىك، ئامېرىكا ئەڭ پەخىرلىنىدىغان 35-F تىپلىق كۆرەشچى ئايروپىلانلارمۇ ئۆز ئەۋزەللىكىنى يوقاتتى. مەن ئالدىمىزدا بۇ ھەقتە توختىلىمەن.

خىتاي يەنە تىنچ ئوكياندا C4ISR (قوماندانلىق، كونترول، ئالاقە، كومپيۇتېر، ئىستىخبارات، نازارەت ۋە رازۋېتكا) ئىسمىلىك، ئىنتايىن ئىلغار باشقۇرۇلىدىغان بومبا قوماندانلىق - كونترول تورى بەرپا قىلدى. مەزكۇر تور سىستېمىسى تېخنىكا (كومپيۇتېر) ئارقىلىق ھەربىي ھەرىكەت قارارلىرى (قوماندانلىق ۋە كونترول) نى تەقلىد قىلىدىغان بولۇپ، ھەربىي ئىستىخبارات (ئىستىخبارات، نازارەت قىلىش ۋە رازۋېتكا) لارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە، شۇنداقلا مەزكۇر سىستېما يەنە (ئالاقىگە ئالاقىدار) ھۇجۇم قوزغىيالايدۇ ۋە بۇ خىل ھۇجۇملاردىن مۇداپىئەلىنەلەيدۇ. بىز C4ISR نى دۇنيادىكى ئەڭ ئىنچىكە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش سىستېمىسى دەپ قارىساق بولىدۇ. مەزكۇر سىستېما يەر يۈزىدىكى رادار، يىراق ئۇچ سېنزورى، ئادەملىك ۋە ئادەمسىز ھەربىي سۇپىلار، شۇنداقلا ئىستىخبارات ماتېرىياللىرى قاتارلىق ھەرىكەت ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ، (خىتاينىڭ) جەڭگاھتىكى يېڭىش نىسبىتىنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئامېرىكانىڭ تىنچ ئوكياندا خىتاينىڭ C4ISR سىستېمىسىغا تەڭ كېلىدىغان ئۇرۇش قىلىش سىستېمىسى يوق، ئەمما بىزنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سىستېمىغا جىددىي ئېھتىياجىمىز بار. چۈنكى، ھازىر بىزنىڭ تىنچ ئوكياندىكى قوماندانلىق ۋە تېزگىنلەش ئىقتىدارىمىز سۈنئىي ھەمراھقا ئېغىر دەرىجىدە بېقىنىپ قالغان.

ئەگەر بۇ سۇنئىي ھەمراھلار ھۇجۇمغا ئۇچراپ پالەچلەنسە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قىرغىن قىلىش كۈچى ۋە دۈشمەننى چەكلەيدىغان قىسىملىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، نۆۋەتتە ئامېرىكا ئارمىيەسى جىددىي موھتاج بولۇۋاتقان نەرسە ئۆز ئۇرۇش قىلىش سىستېمىسىنىڭ خەۋپتىن خالىي ھالدا يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئورۇنباسار توردۇر.

ئۇشبۇ ئورۇنباسار تورنىڭ ئاساسى دەل بىز «5G» دەپ ئاتاۋاتقان يېڭى تېخنىكىدۇر.

(«5G» دېگەن) بۇ ئىبارىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، چۈنكى ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى بىخەتەرلىكى شۇنىڭغا باغلىق.

بىز گېپىنى قىلىۋاتقان ئامېرىكا ئاۋىياماتكىلىرى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ مەزكۇر ئاۋىياماتكىلار يادرو رېئاكتورى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. مەن خىتاينىڭ زادى قانداق چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سىياسىتىگە بولغان كۆز قارىشىم ئۆزگەردى ۋە ئۇلارنىڭ تېگىشلىك يەرگە كۆڭۈل بۆلەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

### «دوستانە» ئۇرۇش ئوتى

2015 - يىلى قىشتا، مەن ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنى (Joint Chiefs of Staff) دە خىزمەت قىلىۋاتقاندا، ئامېرىكىنىڭ خىتاي بىلەن «123 كېلىشىمى» دەپ ئاتىلىدىغان كېلىشىمنى يېڭىلىماقچى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن بىر ئېلخەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا بۇنداق بىر كېلىشىم بارلىقىدىن مېنىڭ خەۋىرىم بولمىغاچقا، بۇ كېلىشىم ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە ئۇنى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈردۈم.

ئاتالمىش «123 كېلىشىمى» ئامېرىكىنىڭ 1954 - يىلىدىكى «ئاتوم ئېنېرگىيەسى قانۇنى»نىڭ 123 - ماددىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىكەن. مەزكۇر كېلىشىم باشقا دۆلەتلەر بىلەن يادرو تېخنىكىلىرىنى ھەمبەھىرلىنىش جەھەتتىكى ئۆلچەمگە ئالاقىدار بولۇپ، ھازىرغا قەدەر، ئامېرىكا قىرىق نەچچە دۆلەت بىلەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەمبەھىرلىنىش كېلىشىمى ئىمزالاشقان.

مەن يۇقىرىقىلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ تەسىرى ھەققىدە بەش سېكۇنت ئويلىنىپلا، «خىتاي بىلەن <123 ئېنېرگىيە ھەمبەھىرلىنىش كېلىشىمى> ئىمزالىنىش ئىنتايىن خاتا قاراردۇر» دېگەن يەكۈننى چىقاردىم. بۇنداق يەكۈن چىقىرىشتىكى ئاساسلىرىم تۆۋەندىكىچە:

مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، خىتاي ئامېرىكىنىڭ ۋېستىڭخاۋس (Westinghouse) ئېلېكترىك شىركىتىدىن AP1000 تىپلىق يادرو ئېنېرگىيەلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنى سېتىۋالالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئىچىدىكى يادرو رېئاكتورلىرى (ئادەتتە) بىخەتەر ئېنېرگىيە ھاسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇلارنى ساتقاندىمۇ ئاشۇ مەقسەتتە سېتىشقا بولىدۇ، يەنە كېلىپ نۇرغۇن دۆلەتلەر (ئېنېرگىيە تەمىناتى جەھەتتە) ھەقىقەتەن بۇ تېخنىكىغا ئېھتىياجلىق. لېكىن، مەن (ئامېرىكانىڭ خىتاينى بىلەن مۇشۇ ھەقتە كېلىشىم ئىمزالايدىغانلىق ھەققىدىكى) بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئەقلىمگە شۇ نەرسە كەلدىكى، خىتاي بۇ يادرو رېئاكتورلىرىغا ئېرىشكەن ھامان، ئۇنى چۇۋۇپ، كەسپىي ئىنژېنېرلىق تېخنىكىسى تەھلىلى ئارقىلىق، ئوخشاش ئۇسۇلدا «ئۆزىنىڭ» يادرو ئېنېرگىيەسى رېئاكتورىنى ياساپ چىقالايدۇ. چۈنكى، خىتاي ئۆتمۈشتە ئىزچىل شۇنداق قىلىپ كەلگەن. ھەرقانداق يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات خىتاينىڭ قولىغا چۈشكەن ھامان، خىتاي دەرھال ئۇنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىنى ياساپ چىقماي قالمايدۇ.

لېكىن، خىتاينىڭ يادرو ئېنېرگىيەلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ياساپ چىقىش تېخنىكىسىنى ئوغرىلىشىغا ـــــ گەرچە بۇنداق ئوغرىلىق ئىنتايىن رەزىل، پەسكەش، ئەخلاقسىز قىلمىش بولسىمۇ ـــــ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش يەنىلا مېنى ئەڭ تەشۋىشلەندۈرىدىغان ئىش ئەمەس.

ھەتتا، بۇ مېنى ئەڭ تەشۋىشلەندۈرىدىغان ئىشلاردىن بىرىمۇ ئەمەس.

مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ تېخنىكىنى خىتايغا سېتىپ بېرىش، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۈچۈن يولۋاسقا قانات چىقارغاندەكلا ئىش بولۇپ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق دېڭىز ئارمىيەسىگە يادرو رېئاكتورى سەپلەشنىڭ يادرولۇق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى قۇدرەت تاپىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاشقا ماقۇل بولسا، ئامېرىكاغا بولغان دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلىغان دۈشمەن (خىتاي) گە مەخسۇس ئىنژېنېرلىق تېخنىكىسىنى سېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىزگە قارشى تۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىك بولىدۇ.

بىز بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويساق قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۆلەت بىخەتەرلىك مەخپىيەتلىكىنى دۈشمەنگە قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن بۇ ئېلخەتكە يازغان جاۋاب خېتىمدە: «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنى بۇ كېلىشىمنى يېكلاشقا قەتئىي قوشۇلمايدۇ» دېدىم.

ئارقىدىن ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى مەندىن بۇ ئىشقا نېمىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مەن مەقسىتىمنى ئوچۇق ئېيتىپ، «خىتايغا يادرو رېئاكتورى سېتىپ بېرىش، ئۇلارغا يادرو رېئاكتورىنىڭ چىرتيوژىنى تۇتقۇزۇپ قويغانغا باراۋەردۇر» دېدىم. مەن بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ، «خىتاي شىركەتلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ئامېرىكانىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلاپ، كۆپەيتىپ پايدىلىنىپ كەلدى. بۇنداق قىلىش (يەنى خىتاي بىلەن يادرو ئېنېرگىيەسى تېخنىكىلىرىنى ھەمبەھىرلىنىش كېلىشىمى ئىمزالىنىش) ۋېستىڭخاۋس شىركىتىنىڭ پاتېنتلىق

يادرو ئېنېرگىيەسى تېخنىكىسىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ئامېرىكانىڭ ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا ۋە ئايروپىلانلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان يادرو ئېنېرگىيەلىك قوراللارنى ياساپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدىم. مەن يەنە ئۇلارغا «ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ سۇ ئاستىدا دۈشمەن تەرىپىدىن بايقىلىپ قالماي، هازىرقىدەك بىخەتەر يۈرەلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بىزنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىمىزنىڭ خىتايدا هازىر بولغان يادرو ئېنېرگىيەسى تېخنىكىسىدىن خېلى بەكلا ئىلغار تېخنىكىلارغا ئىگە بولغانلىقىدۇر» دېگەن نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىدىم.

لېكىن، دېگەنلىرىمنىڭ ھېچقايسى (ئۇلار ئۈچۈن) مۇھىم ئەمەستەك قىلاتتى. شۇ كۈنى نەق مەيداندا «123 كېلىشىمى»گە مەسئۇل بولغان دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە دۆلەتلىك يادرو ئېنېرگىيەسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماڭا خۇددى بىر ساراڭغا قارىغاندەك قاراشتى.

نەتىجىدە، شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ (خىتاي بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشماسلىق) پىكرى نەزەردىن ساقىت قىلىندى. ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ پىكرى بىزنىڭ پىكرىمىزنى بېسىپ چۈشتى. مەن بۇ ھەقتىكى ئاخىرقى قارارنى كىمنىڭ چىقارغانلىقىنى ۋە شۇ قارارنى چىقىرىشتىكى سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن. بەلكىم، سالاھىيلار ئوبامانىڭ ئىچكى كابىنېتىدىكى تەسىردار شەخسلەرگە بېسىم ئىشلەتكەن بولۇشى، ياكى بەزىلەر «تىجارەت بىلەن باج كىرىمى دۆلەت بىخەتەرلىكىدىنمۇ مۇھىم» دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر (بۇنداق قارار چىقىرىشقا) كېيىنكى كۆز قاراش سەۋەب بولغان بولسا، بۇ ئامېرىكالىقلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، يىراقتىكى خەۋپنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان خۇيىنىڭ تىپىك مىسالللىرىدىن يەنە بىرى بولىدۇ. ھەممە ئىشتا (كۆز ئالدىدىكى) ئىقتىسادىي نەپنىلا ئۆلچەم قىلىدىغان، ئەمما رېئاللىقتا زىت تەپەككۇر ئامېرىكالىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى بولۇپ، بۇ ئۆز دۈشمىنىگە قولايلىق ياراتقانلىقتۇر. لېكىن، مەن ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كۆپ كۆرۈلۈپلا قالماي، يەنە ئۆزىدىنمۇ ئېغىر بىر خەتەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بايقاپ، ئىنتايىن مۇھىم چوڭ تىپتىكى بىر پىلان توغرىسىدا كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدىم.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



# بەدىنىمىزنىڭ سۇغا بولغان كۈندىلىك ئېھتىياجى

كرىس گۇننارس

# بەدىنىمىزنىڭ سۇغا بولغان كۈندىلىك ئېھتىياجى

## كرىس گۇننارس

بەدىنىمىزنىڭ يۈزدە ئاتمىش پىرسەنتى سۇدىن تەركىپ تاپقان.
بەدەن كۈنبويى، توختاۋسىز رەۋىشتە سۇسىزلىنىدۇ. بۇ سۇسىزلىنىش كىچىك تەرەت ۋە تەرلەش ئارقىلىقلا ئەمەس، نەپەسلىنىش دىگەنلەرگە ئوخشاش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان بەدەن ھەرىكىتى سەۋەبلىكمۇ يۈز بېرىدۇ. سۇسىزلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىچىملىك ۋە تاماقلاردىن يېتەرلىك دەرىجىدە سۇ قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.
كۈندە قانچىلىك مىقداردا سۇ ئىچىشىڭىز كېرەكلىكى توغرۇلۇق كۆپلىگەن ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت.
ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرى ئادەتتە كۈنىگە ئىككى لىتىر ئەتراپىدا سۇ ئىستېمال قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ.
بىراق، بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۇسسىمىغان تەقدىردىمۇ پات ـ پات يۇتۇملاپ سۇ ئىچىپ تۇرۇش كېرەك دەپ قارايدۇ.
بۇ ماقالىدە سۇ ئىستېمال قىلىش توغرىسىدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتلارغا قاراپ چىقىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتىكى بايانلارنىڭ شاكىلىنى مېغىزىدىن ئايرىش ئارقىلىق، سىزنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىڭىزنى قانداق كاپالەتلەندۈرۈشىڭىز چۈشەندۈرۈلىدۇ.

## قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجىڭىز بار؟

شەخسنىڭ قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى كىشىدىن كىشىگە قاراپ ئوخشاش ئەمەس.
ئامېرىكا دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكا، ئېنژىنىرلىق ۋە مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسىنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسلانغان، قورامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ كۈنىگە 3.7 لىتىر سۇ ئىستېمال قىلىشى، قورامىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ كۈنىگە 2.7 لىتىر سۇ ئىستېمال قىلىشى تەۋسىيە قىلىنىغان. سىز كۈندە چاي ۋە مېۋە شەربىتى قاتارلىق ئىچىملىكلەردىن ۋە تاماقتىن ئالىدىغان سۇمۇ يۇقىرىقى مىقدارنىڭ ئىچىدە. بەدىنىڭىزگە كېرەكلىك بولغان سۇنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ئادەتتە ئۆزىڭىز يىگەن يېمەك ـ ئىچمەكلىكتىن قوبۇل قىلالايسىز.
سىز باشقىلارغا قارىغاندا كۆپراق سۇ ئىستېمال قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇشىڭىز مۇمكىن. قانچىلىك مىقداردا سۇ ئىستېمال قىلىشىڭىز كېرەكلىكىگە تۆۋەندىكى ئامىللارمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* قەيەردە ياشىشىڭىز

ئىسسىق، نەم، ياكى قۇرغاق رايونلاردا ياشاۋاتقان بولسىڭىز تېخىمۇ كۆپ سۇغا ئېھتىياجلىق بولىسىز.

* كۈندىلىك يېمەك - ئىچمىكىڭىز

ئەگەر سىز قەھۋەنى ۋە شۇ قاتاردىكى كوفېئىنلىق ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىچىدىغان بولسىڭىز كىچىك تەرىتىڭىز نورمىدىن يۇقىرى بولغانلىقتىن، مۇشۇ سەۋەبلىك بەدىنىڭىزدىكى سۇ مىقدارى خورايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ كۈندىلىك تاماق تۈرىڭىزدە تۇزلۇق، ئاچچىق ياكى تاتلىق يېمەكلىكلەر بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ ئادەتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. تەركىۋىدە مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلار بولغان سۇ مىقدارى مول ئۆز تاماقلارنى يېمىسىڭىز، ئۇ ھالدا سۇ ئىچىش مىقدارىڭىزنى كۆپەيتىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

* تېمپېراتۇرا ۋە پەسىل

ھاۋا ئىسسىق ئايلاردا تەرلەش كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋا سالقىن ياكى سوغۇق ئايلارغا قارىغاندا ھاۋا ئىسسىق ئايلاردا كۆپراق سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

* ئۆزىڭىز ياشىغان مۇھىت

ناۋادا سىز سىرتلاردا يۈرۈپ قۇياش نۇرى ئاستىدا ياكى يۇقىرى تېمپېراتۇرادا، ۋەياكى ئىسسىق ئۆيدە ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان بولسىڭىز نورمالدىكىدىن تېزراق ئۇسسايسىز. بۇ ھالەتتە ئادەتتىكىگە قارىغاندا كۆپراق سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

* ئاكتىپچانلىقىڭىز

ناۋادا سىز كۈنىڭىزنى مېڭىش ياكى ئۇزاق مۇددەت ئۆرە تۇرۇش دېگەندەك ئاكتىپ ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆتكۈزسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرىدىغانلارغا قارىغاندا كۆپ سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ناۋادا تەنھەرىكەت ۋە كۈچ خورىتىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، بۇ سەۋەبلىك بەدىنىڭىز قويۇپ بەرگەن سۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن كۆپراق سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

* سالامەتلىكىڭىز

ناۋادا بەدىنىڭىزنىڭ مەلۇم قىسمى ياللۇغلىنىپ قالغان بولسا ياكى قىززىق قالغان بولسىڭىز، قۇسۇش ياكى ئىچى سۈرۈش سەۋەبلىك بەدىنىڭىزدىكى سۇيۇقلۇقلارنى سىرتقا چىقىرىۋەتكەن بولسىڭىز،

نورمالدىكىدىن كۆپراق سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ئەگەر دىئابېت كېسىلى دېگەندەك كېسەللىكلىرىڭىز بولسا، ئوخشاشلا كۆپ سۇ ئىچىشىڭىز لازىم.

* ھامىلدارلىق مەزگىلى ياكى بالا ئېمىتىش مەزگىلى

ئەگەر سىز ھامىلدار بولسىڭىز، ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئانا بولسىڭىز، بۇ ھالەتتە سىزنىڭ بەدىنىڭىز (ئۆزىڭىز بىلەن قوشقاندا) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ جان ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بولغانلىقتىن، بەدىنىڭىزدىكى سۇ مىقدارىنىڭ نورمال ھالەتتىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن كۆپراق سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك.

خۇلاسە

سالامەتلىكىڭىز، ھەرىكىتىڭىز ۋە سىز ياشىغان مۇھىت قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار سىزنىڭ كۈنىگە قانچىلىك سۇ ئىچىشىڭىز كېرەكلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سۇنى قانچىلىك ئىستېمال قىلىش بەدەندىكى ئېنېرگىيەگە ۋە مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەر بەدەندىكى سۇ مىقدارىنىڭ كۈندىلىك يېتەرسىزلىكى بەدەندىكى ئېنېرگىيەنىڭ ۋە مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېيىشىدۇ.

بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۆپلىگەن تەتقىقاتلار مەۋجۇت.

ئاياللارغا قارىتىلغان بىر تەتقىقاتتا تەنھەرىكەتتىن كېيىنكى سۇ مىقدارى تۆۋەنلەش نەتىجىسىدە كەيپىيات ناچارلىشىش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش تۆۋەنلەش، باش ئاغرىشنىڭ قېتىم سانى كۆپىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كېلىپ چىققان.

ختايدا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئون ئىككى ئەر كىشىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا 36 سائەت سۇ ئىچمەسلىك چارچاش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك، ھەرىكەت ئىنكاسىنىڭ ۋە قىسقا مەزگىللىك ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ھەتتا ئاز مىقداردىكى سۇسىراشمۇ بەدەننىڭ فۇنكسىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ياشانغانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر داۋالاش تەتقىقاتىدا، ساغلام ياشانغان كىشىنىڭ بەدىنىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ پەقەت بىر پىرسەنت ئازىيىشى سەۋەبلىكلا ئۇنىڭ مۇسكۇل كۈچى، بەدەن كۈچى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ بىر پىرسەنت تۆۋەنلەپ كېتىشى چوڭ ئىش ئەمەس. بىراق، بۇ خىل تۆۋەنلەش شۇ مىقداردىكى سۇنىڭ ئازايغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ھال دائىملا ئىسسىق ئۆيدە كۆپ تەرلەش ۋە بۇنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئىچمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

خۇلاسە:

تەنھەرىكەت ياكى ئىسسىق سەۋەبىدىن بەدەندىكى سۇنىڭ ئازراقلا كېمىيىشى بەدەن ئىقتىدارىڭىزغىمۇ، ئەقلىي ئىقتىدارىڭىزغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## سۇنى كۆپ ئىچىش ئېغىرلىقىڭىزنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن پايدىلىقمۇ؟

سۇنى قانچە كۆپ ئىچسە، بەدەندىكى مېتابولىزىمنى ياخشىلاپ، ئىشتىھانى پەسەيتىش ئارقىلىق بەدەن ئېغىرلىقىنى چۈشۈرگىلى بولىدۇ، دەيدىغان گەپلەر مەۋجۇت.

تەتقىقاتلاردىن بىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، نورمىدىن كۆپ سۇ ئىچىش بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ چۈشۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

باشقا بىر تەتقىقاتتىن بايقىلىشىچە، ئاستا خاراكتېرلىك سۇسىزلىنىش سېمىزلىك، دىئابىت كېسىلى، راك كېسىلى ۋە يۈرەك قان تومۇر كېسىلى قاتارلىقلار بىلەن باغلىنىشچانلىققا ئىگە ئىكەن.

يىللار ئاۋۋالقى باشقا بىر تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، كۈندە ئىككى لىتىر سۇ ئىچكەندە، بەدەندىكى ئىسسىقلىق ياكى مېتابولىزىمنىڭ تېزلىشىشى سەۋەبلىك بەدەندىكى ئېنېرگىيەنىڭ كۈندىلىك خوراش مىقدارى 23 كالورىيە ئاشىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنغان.

تاماقتىن تەخمىنەن يېرىم سائەت ئىلگىرى سۇ ئىچىشمۇ بەدەن سەرپ قىلىدىغان كالورىيە مىقدارىنى ئازايتىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بەدەننىڭ ئاسانلا تويۇنغانلىقنى ئاچلىق دەپ بىلىشىدىن بولغان.

بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ھەر قېتىملىق تاماقتىن ئاۋۋال يېرىم لىتىر سۇ ئىچكەن كىشى 12 ھەپتىدە بۇنداق قىلمىغان كىشىگە سېلىشتۇرغاندا 44 پىرسەنت يېنىكلەيدۇ. (بۇ يۇقىرىقى شەكىلدە سۇ ئىچكەن كىشىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ يېرىمغا يېقىن يېنىكلىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى، بۇ شەكىلدە سۇ ئىچكەن كىشىنىڭ بۇ شەكىلدە سۇ ئىچمىگەن كىشىگە قارىغاندا يېنىكلەش دەرىجىسىنىڭ 44 پىرسەنت يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.)

يىغىنچاقلىغاندا، بولۇپمۇ تاماقتىن ئىلگىرى يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئىچىش ئىشتىھايىڭىزنى تىزگىنلەش ۋە بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى نورمال شەكىلدە تۇتۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ، يۇقىرىقى چارىنى ساغلام ئوزۇقلىنىش پىلانىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرگىنىڭىزدە شۇنداق بولىدۇ.

يېتەرلىك دەرىجىدە سۇ ئىچىشنىڭ بۆرەكنى كۈچلەندۈرۈشكە پايدىسى بار.

خۇلاسە:

سۇ ئىچىش مېتابولىزىمنى تېزلىتىدۇ. تاماقتىن يېرىم سائەت بۇرۇن يېرىم لىتىر سۇ ئىچىش تاماقتىن ئالىدىغان كالورىيەرىڭىزنى چۈشۈرىدۇ. (يەنى سىزنىڭ تاماق مىقدارىڭىزنى ئازايتىدۇ.) [ئىسلام مەنبەلىرىدە ئاشقازاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى سۇ بىلەن، قالغان ئۈچتىن بىرىنى تاماق بىلەن تولدۇرۇپ، ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىنى بوش قالدۇرۇپ قويۇش تەرغىب قىلىنغان. ـ ت]

## سۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئالامدۇ؟

بەدەن فۇنكسىيىڭىزنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئىچىشىڭىز كېرەك. ساغلاملىقىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تۆۋەندىكى ئامىللار سۇ ئىچىشنى كۆپەيتىشىڭىز ئارقىلىق ياخشىلىنالايدۇ:

* قەۋزىيەت (Constipation)

سۇ ئىچىش مىقدارىدىنى كۆپەيتىش قەۋزىيەتنى ياخشىلايدۇ.

* سۈيدۈك يولى ياللۇغى (Urinary tract infections)

يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن شۇنىسى ئايدىڭ بولدىكى، سۇ ئىچىش مىقدارىنى كۆپەيتىش سۈيدۈك يولى ياللۇغىنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنىڭ ۋە دوۋساق ياللۇغىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* بۆرەككە تاش چۈشۈش (Kidney stones)

ئۆتمۈشتىكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلگىنىدەك، بەدەنگە قوبۇل قىلىنىدىغان سۇيۇقلۇق مىقدارى ئاشقاندا بۆرەككە تاش چۈشۈش خەترى تۆۋەنلەيدىكەن.

* تېرىنىڭ سۇ سىڭدۈرۈشى (Skin hydration)

تەتقىقاتلار ئارقىلىق مەلۇم بولغىنى شۇكى، سۇنى كۆپ ئىستېمال قىلغاندا تېرىنىڭ سۇ سىڭدۈرۈشى ياخشىلىنىدىكەن.

خۇلاسە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئىچىش ۋە بەدەنگە لازىملىق سۇ مىقدارىنى يېتەرلىك مىقداردا تۇتۇش قەۋزىيەت، سىيدۈك يولى ياللۇغى، دوۋساق ياللۇغى، بۆرەككە تاش چۆكۈش قاتارلىقلارنى ۋە تېرىنىڭ سۇ سىڭدۈرۈشنى ياخشىلايدۇ.

## بەدەندىكى سۇ كەمچىللىكىنىڭ ئالامەتلىرى

بەدىنىڭىزدىكى سۇنىڭ مىقدارىنى ساقلاش ھاياتىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.
بۇ سەۋەبلىك، بەدىنىڭىزدە سىزنىڭ قانداق چاغدا قانچىلىك سۇ ئىچىشىڭىزنى كونترول قىلىدىغان، ناھايىتى مۇكەممەل بىر سىستېما بار. بەدەندىكى ئومۇمىي سۇ ئېھتىياجىڭىز بەلگىلەنگەن مىقداردىن تۆۋەنلىگەن ھامان ئۇسساشقا باشلايسىز.
بۇ ھال بەئەينى نەپەس ئېلىشىڭىزغا ئوخشاش ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە يارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ھەقتە (يەنى بەدىنىمىدىكى سۇ مىقدارى ئازلاپ كەتتىمۇ يوق دەپ) ئالاھىدە ئويلىنىپ ۋە ئىزدىنىپ يۈرۈشىڭىزگە ئېھتىياج يوق.
بەدىنىڭىزگە ئۆزىدىكى سۇ مىقدارىنى قانداق تەڭشەش، شۇنداقلا قانداق چاغدا كۆپراق سۇ ئىچىشىڭىز كېرەكلىكى توغرۇلۇق سىگنال بېرىش بىلدۈرۈلگەن.
گەرچە، ئېغىز قۇرۇش، ئۇسساش قاتارلىقلار بەدەندىكى سۇ مىقدارىنىڭ كېمەيگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسىمۇ، بىراق سۇغا بولغان ئېھتىياجنى ئۇسساشقا باغلىۋېلىش نورمال ساغلاملىق ۋە بەدەننىڭ ھەرىكەت ئىپادىسىنى ئۆلچەشتە يېتەرلىك ئەمەس.
سىزنى ئۇسسۇزلۇق باسقاندا، سىز بەلكىم ھارغىنلىق ياكى باش ئاغرىقى دېگەندەك سۇسىزلىقنىڭ ئەڭ ئۆششاق سىگناللىرىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولۇشىڭىز مۇمكىن.

## سۇ ۋە كىچىك تەرەتنىڭ رەڭگى

كىچىك تەرىتىڭىزنىڭ رەڭگى سىزنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە سۇ ئىستېمال قىلغان قىلمىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچتۇر. يېتەرلىك سۇ ئىستېمال قىلغان بولسىڭىز (نورمال ئەھۋال ئاستىدا) سىيدۈكىڭىزنىڭ رەڭگى ئاقۇچ ۋە سۈزۈك بولىدۇ.
ناۋادا بەدىنىڭىز كۆپ تەرلەۋاتقان بولسا، بەدىنىڭىزدىن بۇ شەكىلدە چىقىپ كەتكەن سۇيۇقلۇقنى تولۇقلاش ئۈچۈن سۇ ئىستېمال قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ئۇزۇق مەزگىل ۋە ئېغىر بەدەن مەشىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر سۇ تولۇقلاشتىن تاشقىرى ناترىي ۋە باشقا مىنېراللارنى تولۇقلىشى لازىم.
ھامىلدارلىق ۋە بالا ئەمدۈرۈش مەزگىلىڭىزدە سۇغا بولغان ئېھتىياجىڭىز ئاشىدۇ.

قىززىتىمىڭىز ئۆرلىگەندە، قۇسقان چېغىڭىزدا ۋە ئىچىڭىز سۈرۈپ قالغاندا ئوخشاشلا سۇنى كۆپراق ئىچىپ بېرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ئەگەر سىز ئېغىرلىقىڭىزنى چۈشۈرۈشكە ئىشتىياق باغلىغان بولسىڭىز، سۇ ئىچىش مىقدارىڭىزنى كۆپەيتىشكە سەل قارىماسلىقىڭىز كېرەك.

بۇنىڭدىن سىرت، ياشانغانلار يېتەرلىك دەرىجىدە سۇ تولۇقلاشقا ئېھتىياجلىق، چۈنكى، ياش چوڭايغانسېرى بەدەندىكى سۇسىزلىنىش نىسبىتى ئاشىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، 65 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلاردا سۇسىزلىنىش خەترى يۇقىرى بولىدىكەن.

## خۇلاسە

كۈننى كەچ قىلغىنىڭىزدا، ھېچكىم سىزگە قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجىڭىز بارلىقىنى توپتوغرا ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجىڭىز بارلىقى نۇرغۇن ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك.

ناۋادا سىز ئىشلارنى ئاسانلاشتۇراي دېسىڭىز، بىلىڭكى، تۆۋەندىكى نۇقتىلار كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاقتۇر:

1. كىچىك تەرتىتىڭىزنىڭ سۈزۈك ۋە ئاقۇچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن كۈنبويى يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئىچىڭ.
2. ئۇسسىغان چېغىڭىزدا سۇ ئىچىڭ.
3. ئىسسىق، تەنھەرىكەت ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان باشقا سىگناللار بولغاندا، بەدىنىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن سۇيۇقلۇقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئىچىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.healthline.com/nutrition/how_much_water_should_you_drink_per_day#bottom_line



www.uyghurkitap.com

# ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار

**ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز**

### كىرىش سۆز

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەدىس شەرىپلەر ۋە ھەدىس ئىلىملىرى ھەققىدىكى ساغلام چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قىسىم خاتا چۈشەنچىلەرنى توغرىلاش ئۈچۈن بۇساندىن باشلاپ ھەدىس شەرىپلەر ۋە ھەدىس ئىلىملىرى ھەققىدىكى بىر قىسىم مۇھىم مەزمۇنلارنى تېمىلارغا بۆلۈپ خەلقىمىزگە سۇنماقچى بولدۇم. بۇ زور ھەجىملىك ماقالىدە يېزىلماقچى بولغان بەزى مەزمۇنلار مەرھۇم مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزدە خەلقىمىزگە ئاللىبۇرۇن سۇنۇلۇپ بولغان بولغاچقا، مەن ھەدىس شەرىپلەر ھەققىدىكى ئاشۇ مەزمۇنلارنى شۇ پېتى نەقىل قىلىشنى توغرا تاپتىم. نۆۋەتتىكى تۈزىتىشكە تېگىشلىك خاتا چۈشەنچىلەر ھەققىدىكى بارلىق مەزمۇنلارنى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ نوپۇزلۇق مەنبەلەردىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم. ھەدىسكە ئالاقىدار تېمىلار زىل ھەم سالمىقى ئېغىر بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ تولۇق ھەزىم قىلىپ، ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ھەر بىر تېمىنى ئايرىم بىر ماقالە قىلىپ پارچىلاپ سۇنۇشنى توغرا كۆردۈم. بۇ ساندا ھەدىس ۋە سۈننەت (تەرىپى، پەرقلىرى ۋە چېتىلىش دائىرىسى) ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىدى. كېلەركى ساندا ھەدىسنىڭ ئىسلام شەرئىتىدە تۇتقان ئورنى، ئاندىن كېيىن ھەدىسلەر كىتاب ھالىتىگە كەلگۈچە بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلار، ئاخىرىدا يالغان ھەدىسلەر ۋە تۈرلۈك سۈيقەستچى گورۇھلارنىڭ تارىختىن بۇيان ھەدىسلەر ھەققىدە تارقىتىپ كەلگەن بىرقىسىم ئۆسەك سۆزلىرى ۋە سەپسەتىلىرىگە قارشى كۆرەشلەرنى تارىخىي تەرتىپ بويىچە بايان قىلىپ، يېقىندىن بىرى مۇھاجىرەتتە مودا بولۇۋاتقان ھەدىس ئىنكارچىلىقىغا ۋە بۇ خاتا، ئاقماس پىكىرنى ھەدەپ بازارغا سېلىۋاتقانلارغا پولاتتەك قاتتىق ۋە مۇتلەق ئىشەنچلىك دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ، بۇ ھەقتە ئەزىز خەلقىمىزدىكى ئېغىر قايمۇقۇشنى تۈگىتىپ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك خاتا چۈشەنچىلەرنى توغرىلاش قاتارلىق مەزمۇنلار ھەجمى ۋە سالمىقىغا قاراپ پارچە ـ پارچە ھالدا كېيىنكى سانلاردا خەلقىمىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ يۈزكۆرۈشكۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەدىس شەرىپ ئىسلام دىنىدا «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئاساس ۋەتۈپ مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ھەدىس شەرىپ قۇرئان كەرىمنىڭ كونكرېت ئىزاھلىنىشى ۋە تەتبىقلىنىشى بولۇپ، ھەدىس بىلەن تونۇشۇش قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. (1)

نوپۇزلۇق ۋە ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرىدا كۆپلەپ بايان قىلىنغان ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدەلىرى، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئەركانلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن بىللە يەنە ئەھلى ئىسلامدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ-ئەخلاقتا ئائىت سەممىي دەۋەتلەر، ئاقىلانە تەشەببۇسلار، دانا پەند-نەسىھەتلەر نەۋ باھاردا ئېچىلغان رەڭگارەڭ چېچەكتەك كۆزىمىزنى قاماشتۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز زىممىمىزگە يۈكلەنگەن پەرز، ۋاجىپلارنى ئادا قىلىش، ھارامدىن ساقلىنىش، ئىبادەت-ئەھكاملارنى جايىدا بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاقتا دائىر ھەدىسلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كىشى ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، قەلبىنى تازىلاپ، نەپسىنى پاكلىغاندىلا ئاندىن دۇنياۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىگە ئېرىشىشنىڭ يولىنى تاپقان بولىدۇ. ساغلام پاك ئېتىقادنى، دۇرۇس، گۈزەل ئەخلاقنى ئۇلۇغلىمىغان ئىبادەت جانسىز بولۇپ، مېۋىسىز دەرەخقە ئوخشايدۇ. ھەدىس روھى بويىچە ئېڭىمىزدا توغرا دۇنيا قاراش ۋە ئەخلاق قارىشىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇپ، ھاياتىمىزنى چۇلغىۋالغان غەلدى-غەشلەردىن پاكلىنالىساق ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى، ئەدەپ مىزانلىرىغا ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلالىساق ئاندىن ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئەھلى ئىسلامدىن بولالايمىز. پۈتكۈل ھەدىسلەر مەزمۇنىنى بىر گەۋدە قىلىپ تۇرۇپ ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا تونۇشىمىز چوڭقۇرلاپ، كۆڭلىمىزدىكى چىگىش سوئاللارغا تولۇق جاۋاب تېپىلىدۇ. ئۇ ھايات سەپىرىمىزدە يولۇققان مۈشكۈللەرنى يېڭىشىمىزغا مەنىۋىي كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. ھەدىسلەرنىڭ روھى ۋۇجۇدىمىزغا سىڭگەندە قەلبىمىزدىكى بوشلۇقلار تولدۇرۇلىدۇ. روھ ماددىنىڭ، ئەخلاق مەنپەئەتنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەدىسلەرگە تەدبىقلاپ تۇرۇپ شەخسىيىتىمىز ۋە ئىجتىمائىيىتىمىزنى دەۋر قىلغان ھالدا ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئىجتىمائىي ئەخلاق ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. گۈزەل ئەخلاق كىشىلەرنى يۈكسەك ھاياتقا يېتەكلەيدۇ. پەيلاسوپلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئەخلاق-پەزىلەت شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىلىق ئامىل. كىتابتىكى ئەدەب-ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە دائىر ھەدىسلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە كىتابخانىنىڭ كۆز ئوڭىدا تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىن ئىنسانىي خىسلەتلەرگە يېتەكلەيدىغان مۇكەممەل بىر سېستىما

نامايان بولىدۇ. ھەدىس قۇرلىرىدا گۈزەل ئەخلاق مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مۇھىم بەلگىسى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى: «ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن» دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنى ئالاھىدە مەدھىيەلىگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن ھەدىسىدىن بىز رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆز دەۋىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقىنى بايقايمىز. رەسۇلۇللاھنىڭ «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلغانلارنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن سۆزىدىن گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ ساۋابىنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقىنى بىلىۋالالايمىز. «ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغانلاردۇر»، «مۇئمىننىڭ تارازىسىدا چىرايلىق خۇلۇقتىنمۇ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق» دېگەن ھەدىسلەردىن گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇئمىننىڭ ئىمانىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. شۇنداق، گۈزەل ئەخلاق ساماۋى نۇردۇركى، ئۇنىڭسىز ھايات، ئۇنىڭسىز جەمئىيەت قاراڭغۇ تۇيۇلىدۇ. ئەخلاقسىز تۇرمۇش قانچە زىننەتلىك كۆرستىلگىنى بىلەنمۇ بەربىر زەئىپ، مەنىسىزدۇر.

ئەخلاق ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسىلا ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھ سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدىدۇر». ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، بەزى ھەدىسلەردە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلارغا ياخشىلىق قىلىش تەكىتلىنىپ «رىسقىم كەڭ بولسۇن ياكى ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېگەن ئادەم خىش ـ ئەقرىبا ۋە يېقىنلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلسۇن» دېيىلسە، يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ھەققىي يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ «سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»غانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى غەيرىي مۇسۇلمان بولسۇن، تەقۋادار بولسۇن ياكى پاسىق بولسۇن، دوست بولسۇن ياكى دۈشمەن بولسۇن ئىنسانغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ياخشىلىق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ھەقەمسايەسىگە زىيان زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قوشنىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىپ «ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ ھەر تەرىپىدىن 40 ئائىلىگىچە قوشنا ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. (بىزدىكى ھازىرقى قوشنىدارچىلىقنىڭ قانچىلىك بولۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە ئىمكانىيىتى ھەر بىرىمىزگە ئايان) ئاللاھنىڭ كالامى ۋە

www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە ئىمانىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان. نۇرغۇن ھەدىسلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىنساپ ـ ئىشەنچنى، دوستلۇق ـ ئىناقلىقنى كۈيلەيدىغان، ئۆزئارا قېرىنداشلارچە مۇئامىلىدە بولۇپ، ئاسايىشلىقتا ئۆتۈشنى تەكىتلەيدىغان ئىدىيىلەرنى ئىماننىڭ بىر جۈملىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايسىلەر» «ئاللاھ يولىدا دوستلاشقۇچى (قۇياش ئىنسانلارنىڭ بېشىدا نەيزە بويى يېقىنلىغان) قىيامەت كۈنىدە ئەرشنىڭ سايىسىدا سايىدىتىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسلەر مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ، كىمكى قېرىندىشىغا ياردەمدە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدۇ»، «ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىدىن چىققان ئادەمنى ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئەمىن قىلىدۇ». مەيلى ماددىي جەھەتتە بولسۇن ياكى مەنىۋى جەھەتتە بولسۇن، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇ ھەدىسلەرنىڭ روھىنى قانچە ئىخلاس بىلەن ئۆزلەشتۈرسەك، ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشەنچىمىز شۇنچە چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولىدۇ. ئېتىقادىمىز چىڭىيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھايات يولىدا باسقان قەدەملىرىمىز شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ. ئىجتىمائىي كەيپىيات، گۈزەل ئەخلاقىي ساپا، ساغلام مەدەنىيەت ئاساسىدا تەرەققىياتىمىزمۇ شۇنچە راۋان بولىدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ساھابىلارنىڭ ھايات مۇساپىسىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ـ بىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدىغان ھەقىقىي قېرىنداشلىقنىڭ ئۆلگىلىرىنى كۆرىمىز. مېھىر ـ مۇھەببەت، خالىسلىق، ھەمكارلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى ئورتاق بولىدۇ. مەككىدىن بارغان مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىدىكى ئەنسارىيلارنىڭ ئۆز ـ ئارا قېرىنداشلىقى شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىدىكى، ئەنسارىيلار مۇھاجىرلارنى ئۆزلىرىدىنمۇ چارىراق كۆرەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلار سېنىڭ ـ مېنىڭ قىلمىغان. ئەنسارىيلار مۇھاجىرلارغا ئۆيلىرىنى، باغلىرىنى، نېمىسى بولسا شۇنى تەڭ بۆلۈپ بەرگەن. دوستلاشتۇرۇلغان ئىككى ئادەمنىڭ (مۇھاجىر بىلەن ئەنسارىينىڭ) قايسىسى ئۆلسە ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا مىراسخور بولاتتى. ئەنسارىيلار مۇھاجىر قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى تېخى قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنىدىن ئاز دەپ قارايتتى. مانا بۇ ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى. بۇ يۈكسەك، ئالىيجاب قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى چۈشەندۈرۈشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. «ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتىدىن) ئەلا بىلىدۇ» (سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت ئەنە شۇ ئەنسارىيلار ھەققىدە نازىل بولغان. «سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن دىنىي قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۆمىن ھېسابلانمايدۇ.»(ھەدىس) بۈگۈنكى كۈندە پۇل ھەممىگە ھۆكۈمران

دەيدىغان ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا يامراپ كېتىۋاتقان چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك دىللىرىمىزنى قاساۋەتلەشتۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىزدە نەدىمۇ «ئەلنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان ئىدىيە بولسۇن؟! ھەممىلا ئىشتا پۇلنى، پايدىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش خاھىشى كاللىمىزنى چىرمىۋالغان تۇرسا، خالىسلىق، غەرەزسىزلىك، رىياسىزلىقنى قانداقمۇ ئىزچىللاشتۇرغىلى بولسۇن؟! پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىم تىللا بىلەن تەڭگىنى چوڭ بىلىپ كەتسە ئۇنىڭ قەلبىدىن ئىسلامنىڭ ھەيۋىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ». كىشىلەرنىڭ سورۇنلاردا ئۆزئارا: «ھازىر خەقتە ئىنساپ يوق...» دېيىشىۋاتقانلىقىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشى بىلەن ئارىمىزدىن مېھىر-مۇھەببەت، ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارماقتا. قەلبىدىن ديانەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئادەمدىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن!

بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدە، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنلىرىمىزدا قەدىرلەشكە تېگىشلىك قىممەتلىك ئەنئەنىلەر، روشەن خاسلىقلار ساقلىنىپ كەلگەن. ئىسلامىي ئېلېمېنتلارنى ئۆزگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەنئەنىلەردە ھەدىسلەرنىڭ ئىزناسى ناھايىتى روشەن ئايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئىمانى سۇسلۇق ئەخلاقىي جەھەتتىكى ياتلىشىش تۈپەيلى سىرتنىڭ بەزى ناچار تەسىرلىرى ئارىمىزدا ئۆزلىشىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزنى چىرىتىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشنىڭ كەڭ يولىنى ئېچىپ بەرمەكتە. ئەسلى ئىمان بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، چىن ئېتىقاد بىلەن پەرۋىش قىلىنىپ، مەۋجۇدىيىتىمىزگە، تەبىئىتىمىزگە ئىنتايىن ماس ھالدا تۇرمۇشىمىزنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە، ۋۇجۇدىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن يارىشىملىق ئېسىل ئەنئەنەلىرىمىزنى چۆرۈۋېتىپ، يات ئەللەردىن ئىمپورت قىلىنىپ بىزگە سۇنۇلغان بەتتام، تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال تۆمىلەرگە ئېسىلىۋېلىشىمىز كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. ئېسىل ئەنئەنەلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان سەلەف-سالىھلارنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، پاك روھ يېتىلدۈرمىسەك، ئەۋلادلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئەجدادلارنىڭ ئەرۋاھى ئاھ ئۇرمامدۇ؟ مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ رېئال ھاياتىغا قارايدىغان بولساق ئىسلام ئەقىدىلىرىگە، ئىبادەتلىرىگە، ئەھلى ئىسلامنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىغا دىن نامى بىلەن قوشۇلۇپ قالغان كۆپلىگەن بىدئەت، خۇراپاتلارنى كۆرىمىز، كىشىلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىپ شەرىئەتكە تاڭغان بۇ بىدئەتلەر ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (سۈرە مائىدە 3-ئايەت) دەۋاتسا، ئۇلار قانداقتۇر ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە يېتەرسىز بوشلۇقلار بولۇپ، ئۇنى تولدۇرماقچى بولغانمىدۇ؟ «كىمكى بىرەر يامان ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن، بۇ يامانلىققا ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن پەيدا قىلغۇچىغا ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۇناھ يۇكلىنىدۇ»(ھەدىس) ئۇلارنى بىدئەتچىلىك يولىدىن: «ھىدايەتنىڭ ئەۋزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئىشلارنىڭ يامىنى دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر» دېگەن سۆزىمۇ توسۇپ قالالمىغان. «كىمكى ئىسلامدا بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە چوڭ ـ كىچىك بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى رەت قىلىنىدۇ. نۇرغۇن ھەدىسلەردە ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر ئادەم چۈشكۈرۈپ « الحمد لله والصلاة والسلام على ورسول الله» دېگەندە ئابدۇللاھ ئىبن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھ بىزگە چۈشكۈرگىنىمىزدە سەن ئېيتقاندەك تەلىم بەرگىنى يوق. بىرگە چۈشكۈرگەندە پەقەت ‹ الحمد لله › (ھەمدۇسانا ئاللاھقىلا خاس) دېيىشىمىزنى تەلىم بەرگەن» دېگەن. دېمەك، ئابدۇللاھ ئىبن ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىدئەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنى خوپ كۆرمىگەن. ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «كىشىلەر بىرەر بىدئەتنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىرەر سۈننەتنى يوقىتىدۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە يېقىندىن ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ بىدئەت ئىشلارغا يولىماسلىقىنى تەۋسىيە قىلغان. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر نۇتقىدا: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىمەن. بىدئەتتىن يىراقمەن» دېگەن. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن ئىبن مەسئۇد، ئىبن ئابباس، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلەرمۇ سۈننەت بويىچە ئىش قىلىشنى، بىدئەت پەيدا قىلماسلىقنى، بىدئەتكە ئەگەشمەسلىكنى تەكىتلىگەن. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بىدئەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەل قارالغانلىقتىن، مەيلى ئەقىدە، مەيلى ئىبادەت، مەيلى ئادەت جەھەتلەردە بولمىسۇن نۇرغۇن بىدئەتلەر مەيدانغا كېلىپ، تارىلىشقا باشلىغان.(2)

ئەنە يۇقىرىقىدەك جاھالەت ۋە ئالدامچىلىق قارا بۇلۇتلىرى ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىۋالغان دەۋرلەردە ساناقسىز گېگانت ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىدئەت بىلەن سۈننەتنى، راس ھەدىس بىلەن يالغان ھەدىسنى ئايرىپ چىقىدىغان ھەر خىل پرىنسىپ، ئىلمىي قىممىتى ۋە ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، ھەدىس ئىلىملىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ھەر قايسى تۇرغۇن ۋە چۈشكۈن دەۋرلەردە مەيدانغا چىققان دانا ۋە پاراسەتلىك ئۆلىمالار خۇددى زۇلمەتلىك كېچىلەردىكى تولۇن ئايدەك، چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ، ھەرقايسى مۇسۇلمانلارغا پارلاق يول كۆرسىتىپ كەلدى. خەلقنى جاھالەتتىن ۋە تۈرلۈك بىدئەتلەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلار ھەتتا جانلىرى ئارقىلىق بەدەل تۆلىدى. بەختكە يارىشا ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كەتمىدى. چۈنكى جاھان مۇسۇلمانلىرى بۇرۇندىن تارتىپلا قۇرئان كەرىمگە قانداق ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، ھەدىس شەرىپكىمۇ شۇنداق ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ساھابىلەر، تابىئىنلار دەۋرىدىن باشلاپلا ئىسلام

ئۆلىمالىرى، ھەدىسشۇناسلىرى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« مەن سىلەرگەئاللاھنىڭ كىتابى ۋە سۈننىتىمدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم. بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلارمەڭگۈ ئازمايسىلەر» دېگەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك تەۋسىيەسىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە :«مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئېسىدە قالدۇرۇپ، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئادەمنى ئاللاھ شادلاندۇرغاي» دېگەن كۆرسەتمە سۆزىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرستىش يۈزىسىدىن ئەسىرلەر بويى ھەدىس ئىلمىنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ،ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان جايلاردا بۇ قۇتلۇق ھەدىسشۇناسلىقنى پۇختا ئاساستا بەرپا قىلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۈكسەك مەرىپەتلىك تارىخىي سەھىپىلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ھەدىس ئىلمى ئۈچۈن بېسىلغان گىگانت قەدەملەر، ھەدىس ئىلمىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سېلىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان نۇرلۇق سىمالار، ھەدىسلەر خەزىنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان بىباھا گۆھەرلەر كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ساچىيە ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەينى زامانلاردا ۋەتىنىمىزدە ئىلىم- مەرىپەتنىڭ تايانچ بازىلىرى ھېسابلانغان كىلاسسىك مەدرىسىلەر ھەققىدە ئويلانساق، ئۇ جايلارنىمۇ نازىرىلىرى ۋە ئىستىقامەتلىرى بىلەن ئاۋات قىلغان ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشلىرى شۇ ھامان خىيال ئەينىكىمىزدە ئۆزگىچە جىلۋىلىنىدۇ. (3).

1 . «ھەدىس» سۆزى بىلەن «سۈننەت» سۆزىنىڭ پەرقى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى

«ھەدىس» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «يېڭى» دېگەن بولۇپ، «قەدىم» سۆزى بىلەن مەنە جەھەتتىن قارىمۇ-قارشى بولغان سۆزدۇر.
شەرئىي جەھەتتىن، ئاساسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن سۆز، ئۇ زاتنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار «ھەدىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بايان قىلغان دىنىي تەلىماتلىرىنى «ھەدىس» دەپ كۆرستىپ بەرگەن. ئۆزىنىڭ سۈننىتىگە «ھەدىس» دەپ ئات قويۇپ بەرمەكچى بولغاندەك : « ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، سېنىڭ ھەدىسكە بولغان ئىشتىياقىڭنى كۆرۈپ، ھېچكىم سەندىن ئاۋۋال بۇ ھەقتە سورىمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم » دېگەن مەزمۇندىكى سۆزىدە ھەدىسنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«سۈننەت» سۆزى لۇغەت مەنىسىدە مەيلى ياخشى بولسۇن، ياكى يامان بولسۇن «يول، مەسلەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە دەل يۇقىرىقى مەنىدە كەلگەن. «كىمكى ئىسلام دىنىدا بىرەر ياخشى يولنى بەرپا قىلسا ۋە كېيىنكىلەر ئۇ يولدىن ماڭسا، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇشۇ كىشى باشلىغان ياخشىلىقتا ئەگەشكۈچىلەرگە بېرىلىدىغان ساۋابنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېزىلىدۇ ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە بېرىلىدىغان ساۋابتىن ھېچنەرسە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. كىمكى بىرەر يامان يولنى بەرپا قىلسا، يامانلىقنى باشلىغۇچىغا ئەگەشكۈچىلەرگە يېزىلىدىغان گۇناھ يامانلىقتا باشلىغۇچىغىمۇ قوشۇپ يېزىلىدۇ، يامانلىقتا ئەگەشكۈچىلەرگە يېزىلىدىغان گۇناھ يېنىكلەپ قالمايدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىس مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھەدىسشۇناسلار بىردەك «سۈننەت» بىلەن «ھەدىس» نى مەنىداش سۆزلەر دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ھەدىس بىلەن سۈننەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى،ئەخلاقى، سۈپەتلىرى، مۆجىزە - خاراكتېرى، يارىلىشتىكى جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كۆرۈپ تۇرۇپ رازىلىق ۋە ماقۇللۇق يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلغان باشقىلارنىڭ (ساھابىلەر) ئىش-ھەرىكەتلىرى دەپ تەبىر بېرىدۇ.(4)

قۇرئان كەرىمدىمۇ «سۈننەت» سۆزى « يول » مەنىسىدە كەلگەن : « ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر ». ( سۈرە ئەھزاب، 33 - سۈرە، 62 - ئايەت ) «سۈننەت» سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدە «ھەدىس» مەنىسىدە كەلگەن: «سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى مەھكەم تۇتۇڭلار.» ( سۈنەن ئىبنى ماجە) بۇلار دەسلەپكى چاغدىكى مەنە ئىدى.

كېيىنكى چاغلاردا « ھەدىس » مەنىسىدىكى « سۈننەت » سۆزى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. شۇڭلاشقا ھەدىس ئىلمى ئەڭ راۋاج تاپقان مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرى «دار السنة» (سۈننەت يۇرتى) دەپ ئاتالغان. مەشھۇر ھەدىسشۇناسلارمۇ «إمام في السنّة» يەنى «ھەدىس ئىلمىنىڭ پېشۋاسى» دەپ ئاتالغان. مەشھۇر ۋە مۆتىۋەر ئالتە پارچە ھەدىس ئانا كىتابىنىڭ تۆت پارچىسىنىڭ نامىمۇ سۈننەت سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «سۈنەن» سۆزى قوللىنىلىپ، «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»، «سۈنەن نەسەئى»، «سۈنەن تىرمىزىي»، «سۈنەن ئىبنى ماجە» دەپ ئاتالغان. مەيلى قۇرئان بويىچە بولسۇن، مەيلى ھەدىس بويىچە بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئۇيغۇن بولغان بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەم « سۈننەتكە ئەمەل قىلغان ئادەم » دېيىلىدۇ، سۈننەتنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغان ئادەم «بىدئەتچى، ئەھلى بىدئەت» دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىمات سۆزلىرى «سنة قولية» (سۈننەتى قەۋلىيە)، ئىش ـ ھەرىكىتىگە دائىر ۋە ئالاقىدار ھەدىسلەر «سنة فعلية»( سۈننەتى فىئلىيە ) دېيىلىدۇ. «سنة قولية» گە دائىر مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، « ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق بولىدۇ. ھەقىقەتەن كىشىگە نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ» دېگەن ھەدىس شۇنىڭ جۈملىسىدىن. «سنة فعلية» گە كېلىدىغان بولساق، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج پائالىيەتلىرىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ رازىلىق بىلدۈرۈش، ماقۇللاش يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلغانلىقى «تەقرىر» دېيىلىپ، بۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. تۆۋەندىكى ھەدىس ئۇنىڭ بىر مىسالىدۇر:

بەنى قۇرەيزە غازىتىدا ساھابىلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا : «سىلەر ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزەدە ئوقۇڭلار» دەپ بۇيرۇغان. ساھابىلارنىڭ بەزىلىرى بۇ سۆزنى زاھىرى( ئاددىي ۋە تاشقى) مەنىسى بويىچە چۈشىنىپ، ئەسىر نامىزىنى يول ئۈستىدە ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەن بولسىمۇ، بەنى قۇرەيزەگە بارغۇچە ئوقۇماستىن، بەنى قۇرەيزەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن دەسلەپكى ۋاقتىدىن سەل كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغان. يەنە بەزىلەر بولسا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنى تېزراق مېڭىپ، ئەسىر نامىزىغىچە بىزنى بەنى قۇرەيزەگە يېتىپ بېرىشقا بۇيرۇغىنى دەپ چۈشىنىپ، يولدىلا ئەسىر نامىزىنى ۋاقتى كىرىشىگىلا ئوقۇۋالغان. بۇ ئىش پەيغەمبىرىمىزگە يەتكەندە ھەر ئىككى تەرەپنى ئەيىبلىمىگەن.

فىقھشۇناسلار سۈننەتكە يەنە ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىستىلاھلىرى (ئاتالغۇلىرى) بويىچە پەيغەمبىرىمىز (ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسالام) قىلغان، قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدىغان، تەرك ئەتكەن كىشىگە گۇناھ يېزىلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن قىيامەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئەمەللەر، دەپ تەبىر بېرىدۇ. بىز ئادەتتە تولا تىلغا ئالىدىغان بەش ۋاقىت نامازنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇش، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش، كىچىك بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش دەل مۇشۇ مەنىدىكى سۈننەتلەرنى ئورۇنلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

فىقھشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھى بويىچە كۈچلۈك ۋە كۈچلۈك ئەمەسلىك ئېتىبارى بىلەن سۈننەت «سۈننەتى مۇئەككەدە» ۋە «سۈننەتى مۇستەھەببە» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. سۈننەتى مۇئەككەدە بولسا پەيغەمبىرىمىز ئۈزۈرسىز ئەسلا تەرك ئەتمىگەن ئەمەللەردۇر. بامدات، پېشىن، شام ۋە خۇپتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

نامازلىرىنىڭ سۈننەتلىرى مۇشۇ تۈرگە تەۋە. سۈننەتى مۇستەھەببە بولسا پەيغەمبىرىمىز بەزى چاغلاردا ئورۇندىغان، قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىغانلارغا گۇناھ يېزىلمايدىغان ئەمەللەردۇر. ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتى، خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىنقى تۆت رەكئەت سۈننىتى، نەپلە ناماز، نەپلە روزا، نەپلە سەدىقىگە ئوخشاش ئەمەللەر سۈننەتى مۇستەھەببە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.(5)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەنبەلەر :

(1) ھەدىس شەرىپلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان، مۇھەممەد سالىھ داموللام، خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 3 ـ ساندا بېرىلگەن مۇقەددىمە قىسمىدىن ئۈزۈندە

(2) مەرھۇم مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم ۋەتەندە نەشر قىلدۇرغان ياخشىلار باغچىسى ناملىق ھەدىسكىتابىغا يازغان كىرىش سۆزىنىڭ بىر قىسمى.

(3) ھەدىس شەرىپلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل، 3 ـ سان

(4) سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى، دوكتور مۇستاپا سىبائى، 2019 ـ يىل، 9 ـ نەشرى، سالام نەشرىياتى.

(5) كۇۋەيت فىقھى ئىنسىكلوپېدىيىسى



# ئەركىنلىك جەڭچىسى -گەندى

ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەركىنلىك جەڭچىسى — گەندى

ھېكمەتيار ئىبراھىم

ھەقسىز يولدا مېڭىپ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ساقىيا ئەگەشكەندىن، ئادالەت يولىدا مېڭىپ يالغۇز قېلىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى. — گەندى

**ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى سىياسىي ۋە روھانىي لىدېرى، ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى موھانداس كاراماچاند گەندى 1869 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ھىندىستاننىڭ پورباندار شەھرىدە تۇغۇلغان. 1848 ـ يىلى، 30 ـ يانۋار كۈنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ماھاتما گەندى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ماھاتما» گەندىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ «ئۇلۇغ روھ» دېگەن مەنىدە. گەندى ئون ئۈچ يېشىدا ئۆيلەنگەن، ئون يەتتە يېشىدا دادا بولغان، جەمئىي بەش پەرزەنتى بولغان. 1888 ـ يىلى قانۇن ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە بارغان. 1893 ـ يىلى «Dada Abdullah & Co» ناملىق ھىندى شىركىتىنىڭ ئادۋوكاتى سۈپىتىدە جەنۇبىي ئافرىقىغا بارىدۇ.**

## ئىنقىلابچى گەندى

**ئەينى چاغدا جەنۇبىي ئافرىقىمۇ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بولۇپ، خىزمەت ئۈچۈن جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغان گەندىنىڭ بېشىغا مۇنداق بىر ھادىسە كېلىدۇ:**

**ئۇ باشقا بىر شەھەرگە بېرىش ئۈچۈن پويىزغا ئولتۇرۇپ، سەپەرنى باشلايدۇ. بېلەتچى كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. گەندى سەۋەبىنى سورىغاندا، بېلەتچى «ئاق تەنلىكلەردىن باشقىلارنىڭ پويىز ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىشىنى چەكلىنىدىغانلىقىنى، باشقا ئىرقتىكىلەرنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سەپەر قىلىشىغىلا يول قويۇلىدىغانلىقىنى» ئەسكەرتىدۇ. گەندى ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە ئۇنىمايدۇ. نەتىجىدە، پويىز خادىملىرى گەندىنى يۈك ـ تاقلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ پويىزدىن مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ۋەقە گەندىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇ ۋەقەدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغان گەندى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنگلىزلارنىڭ ئادالەتسىز قانۇن، سىياسەتلىرىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ.**

گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدا ھىندى ئىشچىلارنىڭ ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. نەتىجىدە، 1894 ـ يىلى «ناتال ھىندى مەجلىسى»نى قۇرىدۇ.
جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ترانسۋال ھۆكۈمىتىنىڭ 1906 ـ يىلى چىقارغان بىر قانۇنىغا قارشى خەلق قارشىلىق ھەرىكىتى ۋە بايقۇت يۈرگۈزۈش تەشەببۇسىدا بولغان گەندى، 1908 ـ يىلى بىرىنچى ئايدا تۇنجى قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە بىر مۇددەتتىن كېيىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ.
گەندىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا 22 يىل خىزمەت ۋە كۆرەش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشى، مەيلى ئىرقى سەۋەبلىك، ياكى باشقا سەۋەبلەردىن تۆۋەيلى ئۆزگە ئوخشاش ئايرىمچىلىققا ۋە پەس كۆرۈلۈشكە ئۇچرىغان ھىندىلارنىڭ ھەققىنى قوغداش جەريانىدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا زور رول ئوينايدۇ. گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كۆرەشلىرى داۋامىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندى ئاز سانلىقلىرىنىڭ لىدىرى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ.

## گەندى ھىندىستاندا

1915 ـ يىلى ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. 1885 ـ يىلى ھىندىلار تەرىپىدىن «ھىندىستان خەلقئارالىق مەجلىسى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تەشكىلات ھىندىستاننى ئەنگلىيە مۇستەملىكچىلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇستەقىل ھىندىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشنى باش نىشان قىلغان. گەندى ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇرۇلغىنىغا ئوتتۇز يىل بولغان ۋە بۇ جەريانىدا ھىندىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تىنىمسىز يول ئىزدەۋاتقان، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە باشلامچىلىق رولىنى ئويناۋاتقان بۇ تەشكىلات گەندىنى ئۆزگە قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.
گەندى ھىندىستاندا ھىندى خەلقىنىڭ بىرىتانىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىشنى باشلايدۇ.
ھىندىستاننى باشقۇرۇۋاتقان بىرىتانىيەگە قاراشلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھىندى خەلقى ئۈستىدىكى تىنىمسىز زۇلۇملىرى، يۇقىرى باج ـ سېلىقلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك ئادالەتسىز، بولمىغۇر قانۇن پەرمانلىرى ھىندىستاندىكى مىليونلىغان ھىندىلارنىڭ قاتتىق غەزەپ نەپرىتىگە دۇچ كەلگەن ئىدى.
ھىندىستان يەنە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئىمپىراتورلىرىدىن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى، ئەۋلادلىرى ۋە بابۇر شاھ تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئىستىلا قىلىنىپ، بابۇرىيلار ئىمپېرىيىسى ھىندىستاننى ئەسىرلەپ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ نەچچە ئون مىليوندىن ئاشاتتى.

## تاجاۋۇزچىنىڭ قىلتىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىتانىيە دۆلىتى ھىندىستانغا بابۇرىيلار ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە، 1650 ـ يىلى «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى» نامىدا قەدەم باسقان بولۇپ، بابۇرىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بۇ زېمىندا تېزلا ئۆز قەدەمىنى مۇستەھكەملەپ، 1857 ـ يىلى بابۇرىيلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئىككىنچى باھادىر شاھ دەۋرىدە بابۇرىيلار دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئىگىلەيدۇ.

ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك ئالىم ـ ئۆلىما ۋە زىيالىيلار ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزىگە تەن دۆلىتى بولۇش ئارزۇسىدا ئىدى. ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىندىستاننى ئىگىلىۋېلىشىغا قارشى كۆپ قېتىم، چوڭ ـ كىچىك شەكىلدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولۇپ، بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بۇ مۇسۇلمانلارنى، شۇنداقلا بېرىتانىيەنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى قارشى چىققان ھىندىستان دىئوبەندى مەدرىسىگە تەۋە ئالىملارنى «ۋاھابىيلار» دەپ سۆكەتلىگەن.(1) شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانۇن ـ سىياسەتلىرىگە بويسۇنمىغان دىندار مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە خىتايلار تەرىپىدىن «ۋاھابىيلار» دەپ ئاتىلىپ، خەلققە سەت كۆرسىتىلىشكە ئورۇنغانلىقى، نەزىرىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكى ھەتتا بۇ پىكىردىكىلەرنىڭ باشقا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆچ كۆرۈپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بېرىلگەنلىكى ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرىكى مۇستەملىكىچى، ئىشغالچىلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قانۇن، سىياسەت ۋە تاكتىكىلىرىنى قايسى دەرىجىدە «ئىمپورت» قىلىپ قوللانغانلىقىنى سەممىزگە سالىدۇ. زالىمنىڭ، ئىشغالچىنىڭ ۋە قاتىلنىڭ ھەق يولدىكى داۋاگەرلەرنى ھەر خىل سەت ناملار بىلەن ئاتاپ، سەت كۆرسىتىش قىلتىقىغا ئەمدىدىن باشلاپ بولسىمۇ قانچە ئاز دەسسىسەك، زىياننى شۇنچە ئاز تارتىشىمىز ئېنىق.

## خەلق تەرىپىدىن سۆيۈلمىگۈچى لىدىر بولالمايدۇ

سۆزىمىزگە قايتساق، گەندىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ھىندىستاندا مەۋجۇت بولغان ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، براخمان دىنى جېينىزىم دىنىي مۇرتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ھىندىستاندىكى ھەر قايسى دىن مەنسۇپلىرىنىڭ ھىمايىسىگە، ياكى ھېسداشلىق قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. گەندىنىڭ ئۆزىگە خاس دىن ۋە دۇنيا چۈشەنچىسى، ئاددىي ساددا ۋە كەمتەرلىكى، ئىرادىسىدىن يانمايدىغان قەتئىيلىكى، كۈچلۈك بېرىتانىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ۋە ئۆز خەلقىنى ھېچقاچان تۆۋەن كۆرمەيدىغان كۈچلۈك خاراكتېرى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆپەيتىپ، شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ.

## گەندى ئېتىقاد قىلغان جېنىنىزم دىنى

جېينىزم ھىندىستاندىكى ئەڭ قەدىمكى ئۈچ دىنىنىڭ بىرىدۇر. بۇ دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. كۈنىمىزدە، بۇ دىن ھىندى مەدىنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.(2) جېنىنىزم [Jainism (/ˈdʒeɪnɪzəm/)] دىنى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر شۇنداقلا ئىنسانلار ھايات ياشايدىغان روھقا ئىگە، بۇ روھلارنىڭ ھەممىسى قەدىر-قىممەتتە ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھۆرمەت ۋە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. جېينىزم دىنى ھىندى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئوخشاشلا روھنىڭ كۆچۈشىگە ئەقىدە قىلىدىغان دىن بولۇپ، بىر ئادەم ياكى بىر جانلىق ئۆلسە، ئۇنىڭ روھى يەنە بىر جانلىققا كۆچىدۇ، ھەتتا ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ھايۋاناتلارغا كۆچۈشىمۇ مۇمكىن دەپ قارايدۇ. جېينىزم دىنىدا گۆش ۋە ھايۋاناتلاردىن چىقىدىغان (سۈت، تۇخۇم قاتارلىق) باشقا ئوزۇقلۇقلارنىمۇ يېيىش چەكلىنىدۇ. ئۆسۈملۈكنى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلغانلىق دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يىلتىزى بار ئۆسۈملۈكلەرنى يېيىشمۇ چەكلىنىدۇ. جېينزم مۇرتلىرى يەرنىڭ ئۈستىدە ئۆسىدىغان، ئۆسۈملۈكنىڭ گەۋدىسىدىن قۇمۇرۇلغاندا ئۆسۈملۈككە زىيان سېلىنمايدۇ دەپ قارالغان مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارنى يېيىشنى توغرا تاپىدۇ. جېينزم دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپى ئۇرۇش، تىللاش، قىيناش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق قاتتىق ۋاستىلەرنىڭ ھەر قانداقىدىن يىراق تۇرۇشتۇر. ھىندىستاننىڭ 2001-يىلىدىكى ستاتىستىكىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھىندىستاندا تۆت مىليون ئىككى يۈزمىڭ جېينزم مۇرتى مەۋجۇت. ئوكسفورنىڭ «يەر يۈزىدىكى دىنلار» قوللانمىسىدا، ئەنگلىيەدە 25 مىڭ جېينزم مۇرتى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.(3) گەندى ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئائىلە تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان بولسىمۇ، جېينزىمدىكى زوراۋانلىق قىلماسلىق تەشەببۇسىنى ياقتۇرۇپ، مۇشۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەقىدە قىلىپ ياشىغان ۋە ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدىمۇ باشتىن ئاياق جېينزم دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنىڭ سىرتىغا چىقمىغان.

## گەندىنىڭ سايتاگراھا ھەرىكىتى

گەندىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەيدىغان «ساتياگراھا» ھەرىكىتى گەندى ئۈچۈن جەنۇبىي ئافرىقىدىمۇ، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق دەۋرىدىمۇ ئەڭ ئۈنۈمدار كۈرەش ئۇسۇلىدىن بىرى بولغان. گەندىنىڭ «ساتياگراھا» ھەرىكىتى ناھەق قانۇن ۋە سىياسەتلەرگە قارشى خەلق قارشىلىقى ياكى پاسسىپ كۈچ كۆرسىتىش شەكلىدە، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي ئاساستا ئادالەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى پىرىنسىپ قىلغان يۇمشاق قارشىلىق ھەرىكىتىدۇر.

www.uyghurkitap.com

### قارشىلىقلار كۈچىيىشكە باشلىدى

بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى خەلق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك خەلقنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشىنى چەكلەش سىياستى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان بولۇپ، 1919 ـ يىلى، 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھىندىستاننىڭ شىمالىكى ئامرىستار شەھرىدىكى جاللىنۋالا باغچىسىدا بىر يەرگە توپلانغان، قورالدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان ئاما ئىشغالچى بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ، 350 تىن ئارتۇق ئاما نەق مەيداندا ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدۇ.

بۇ ۋەقە سەۋەبلىك، گەندى خەلقنى بايقۇت ھەرىكىتى باشلاشقا چاقىردۇ. ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت ئاچقان مەكتەپلەرگە بارماسلىققا، ئەسكەرلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە چاقىردۇ. خەلقنى باج ـ سېلىق تۆلىمەسلىككە، ئىنگلىزنى ماللىرىنى ئالماسلىققا تەشەببۇس قىلدۇ.

### ئىنقىلابنىڭ روھى

گەندى ئىنگلىزلار تىككەن كىيىملەرنى سېتىۋالماسلىق تەشەببۇسىغا ئۈزۈل ـ كېسىل ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چىغرىق بىلەن يىپ ياساپ، ئۇ يىپلاردىن رەخت توقۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ـ كىيىمىنى ئۆزى تىكىپ كىيىشنى باشلايدۇ ۋە ھەر كۈنى بىر نەچچە سائەت ۋاقتىنى چىغرىقتا يىپ توقۇشقا ئاجرىتىپ، بۇنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماي مەيلى يالغۇز يەردە، مەيلى خەلقنىڭ ئالدىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. گەندىنىڭ چىغرىق چۆرگىلىتىشى ھىندى خەلقى ئارىسىدا ئۇنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىمۋوللىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ، گەندىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن، خەلقنىڭ ئىنگلىز ماللىرىنى سېتىۋېلىشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇنداقلا، ئىنگلىزلارغا تىنچ قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى ۋە قىزغىنلىقىمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدۇ.

گەندىنىڭ ھەر ـ بىر سۆز ھەرىكىتى، كىيىنىشى، يەپ ـ ئىچىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلابى بىلەن گۆش بىلەن ياغدەك جىپسىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھۆرلۈككە، ئادەمدەك ياشاشقا زارىققان ھىندى خەلقى پۈتۈن ھاياتىنى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئاتىغان بۇ كىشى نەگە باشلىسا شۇ يەرگە ماڭىدۇ.

يۇمشاق قارشىلىق نامايىشلىرىدا تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەتنىڭ ساقچى ـ گۇندىپايلىرىنىڭ ئېغىر تاياق ـ دۇمباللىرىغا دۇچ كەلگەن نامايىشچى ئاممىدىن بەزىلىرى ساقچىلارغا قول ياندۇردۇ. گەندىنىڭ كۆرەش ھاياتى جەريانىدا ئۇنىڭ «يۇمشاق قارشىلىق» پرىنسىپىغا چۈشمەيدىغان بۇنداق ھەرىكەتلەر بىر نەچچە قېتىم يۈز بېرىدۇ. قاچانكى ساقچىلارنىڭ ئېغىر دۇمبالاشلىرىغا قول ياندۇرۇش بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىلگەنلىكى گەندىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ھامان، ئۇ شۇ قېتىملىق ھەرىكەتنى توختىتىپ چېكىنىدۇ ۋە «خەلق تېخى ئەركىنلىككە ھازىر ئەمەس» دەپ، ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. گەندىنىڭ بۇ ئۇسلۇبىمۇ ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، خەلق ھەر قانداق ئەھۋالدا گەندىنىڭ بۇيرۇق ـ كۆرسەتمىلىرىنىڭ تېشىغا چىقماسلىق يولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىتائەت قىلدۇ.

## مەھبۇس گەندى

گەندى 1921 ـ يىلى ھىندىستان دۆلەت مەجلىسىنىڭ لىدىرى بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، خەلق گەندىنىڭ چاقىرىقلىرىغا بار كۈچ بىلەن ئاۋاز قوشۇشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە، گەندى بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1922 ـ يىلى ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا سالامەتلىكىدىن مەسىلە كۆرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك 1924 ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

گەندى يۇمشاق قارشىلىق ھەرىكىتىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمايدۇ. خەلققە ھاياتلىق، دىن، روھ، ئەخلاق، ئىنقىلاپ ۋە مۇستەقىللىق ھەققىدە مىڭلارچە نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۆز ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋارىيانتى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە، گەندى لىدىرلىقىدىكى ھىندىستان دۆلەت مەجلىسىنىڭ 1929 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ھىندىستان مۇستەقىللىقىنى غايە قىلغانلىقىنى رەسمىي شەكىلدە ئېلان قىلىشى ھىندىستاندىكى سىياسىي ئاتموسفېرا يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرىدۇ.

## تۇز يۈرۈشى

بىرىتانىيە 1882 ـ يىلى ھىندىستاندا تۇز قانۇنى يولغا قويغان بولۇپ، تۇز يېمەك ـ ئىچمەك ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ماددىلاردىن بىرى بولۇشغا قارىماي، بۇ قانۇن بويىچە خەلقنىڭ ئۆيلىرىدە ئارتۇق مىقداردا تۇز ساقلىشى ۋە تۇز سېتىشى چەكلەنگەن ئىدى. بۇ سەۋەبلىك، ھىندىستان خەلقى تۇزنى پەقەت بىرىتانىيە ئىشغالچىلىرىدىن قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بىرىتانىيە ئىشغالچى ھۆكۈمىتىنىڭ تۇز بېجىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، خەلقنىڭ كۆپۈنچىسى بۇ تۇز بېجى سەۋەبلىق ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇقاتتى.(4)

1930 ـ يىلى، 2 ـ مارت كۈنى گەندى بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىندىستاندىكى باش ئەمەلدارى لورد ئىرۋىنغا مەكتۇپ يېزىپ، تۇز قانۇنىنى ئون كۈن ئىچىدە بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەلىپى ئورۇندالمىغان گەندى، ئون كۈندىن كېيىن، يەنى 1930 ـ يىلى 12 ـ مارت كۈنى تۇزغا ئېرىشىش ئۈچۈن مىڭلىغان خلەقنى باشلاپ سابىرمانتىدىن ئەرەب قولتۇقىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان داندى دېگەن يەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. يۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ سەپىرىگە قوشۇلىدىغانلار بارغانچە ئاۋۇيدۇ. 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى پىيادە مېنىڭ تاماملىغان گەندى، 5 ـ ئاپرېل ئون مىڭلارچە ئەگەشكۈچىسى بىلەن بىرگە داندىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەتىسى تۇز ئۈچۈن دېڭىزغا يۈرۈش قىلىدۇ. دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا ھەر ئۇرۇلغىنىدا دېڭىز ساھىلىدا كرىستال تۇزلار قېلىپ قالاتتى، گەندى باشتىلا مۇشۇ تۇزلارنى يىغىپ، تۇزغا ئىگە بولۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ساقچىلارنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىشى، تۇزلارنى لاي پاتقاق بىلەن بۇلغىۋېتىشى سەۋەبلىك، گەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرەر سىقىمدىن تۇزغا ئېرىشەلەيدۇ. گەندىنىڭ تۇزغا ئېرىشىشى ئىنگلىز قانۇنىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.(5)

گەندىنىڭ تۇز يۈرۈشى پۈتۈن دۇنيادا زور تەسىر پەيدا قىلغان بولۇپ، گەندىنىڭ ئۆمىدىمۇ مۇشۇ ئىدى. نەتىجىدە، گەندى «ۋاقىت» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 1390-يىلىنىڭ ئەڭ داڭدار كىشىسى بولۇپ تاللىنىدۇ.(6)

ئاز مۇددەتتىن كېيىن دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان بومباي ۋە كاراچى تەۋەسىدىكى ھىندىستانلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر خەلقنى باشلاپ دېڭىزدىن تۇزغا ئېرىشىشكە باشلايدۇ.

تۇز يۈرۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر تۇيەيلى بېرتانىيە گەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتمىش مىڭ كىشىنى تۇتقۇن قىلدۇ. گەندى 1930-يىلى، 5-ماي كۈنى قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ساتياگراھا ھەرىكىتى يەنىلا داۋاملىشىدۇ. گەندىنىڭ باشلامچى مۇرتلىرى تەرىپىدىن نامايىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. 1931-يىلى گەندى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

## «تۈرمىگە كىرىشكە ھەر قاچان تەييارلىقىم بار»

مۇشۇ يىلى 30-ئاپرېل كۈنى گەندى ئەنگلىيىلىك مۇخبىرى تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنغان بولۇپ، ئىككىسى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەر مۇنداق:

مۇخبىر: ئەگەر بېرتانىيە تەلەپلىرىڭىزنى ئورۇندىمىسا، ئۇ ھالدا قانداق ھەرىكەت قوللىنىسىز؟

گەندى: ئەلۋەتتە خەلق قارشىلىقلىرى ۋە ساتياگراخانىڭ بارلىق چارىلىرىنى ئىشقا سالىمىز. بىراق، (ھۆكۈمەت تەلىپىمىزنى ئورۇندىمىغان تەقدىردە) بۇ چارىلەرنى دەرھال ئىشقا سالامدۇق، ياكى باشقا قەدەم ئالامدۇق، بۇنى شۇ تاپتا دېيىشىم ئىمكانسىز.

مۇخبىر: ھۆرمەتلىك گەندى، ئەگەر ئەنگلىيە تەلەپلىرىڭىزنى ئورۇندىسا، يېڭى ھىندىستان دۆلىتىدە ھاراقنى پۈتۈنلەي چەكلەشنى ئويلىشىۋاتامسىز؟

گەندى: ئەلۋەتتە شۇنداق.

مۇخبىر: پۈتۈنلەي چەكلەيسىز؟

گەندى: پۈتۈنلەي چەكلەيمىز.

مۇخبىر: ئەگەر ھىندىستان مۇستەقىل بولسا، باللارنىڭ توي قىلىش ئەنئەنىسىنىمۇ چەكلەش نىيىتىڭىز بارمۇ؟

گەندى: ئەلۋەتتە بار. ھەتتا، بۇنى تېخىمۇ بالدۇر چەكلەشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇخبىر: بۇ نۆۋەت ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى ئۈچۈن تولۇق ھوقۇق بېرىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتامسىز؟

گەندى: بۇ مەن جاۋاب بېرىدىغان سوئال ئەمەس.

مۇخبىر: ئۇنداقتا، بۇ جەھەتتە ئۈمىدلىكمۇ سىز؟

گەندى: مەن ئۈمىدۋار بىر ئىنسانمەن.

مۇخبىر: ئىككىنچى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشسىڭىز، يەرلىك ھىندىستان كىيىمىنى كىيەمسىز ياكى ياۋروپاچە كىيىنىشنى تاللامسىز؟

گەندى: ياۋروپاچە كىيىنىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھاۋا رايى ئۆيغۇن بولغان تەقدىردە، ھازىر قانداق كىيىنگەن بولسام، ئۇ يەردىمۇ شۇنداق كىيىنىمەن. (گەندى بۇ سۆزىنى دەۋاتقاندا بەدىنىنىڭ يېرىمىنى پەقەت بىر پارچىلا ئاق لاتا بىلەن ئورىۋالغان ئىدى.)

مۇخبىر: ئەگەر بىرىتانىيە پادىشاھى سىزنى بۇكىڭھام سارىيىغا تاماققا تەكلىپ قىلسىمۇ ئوخشاشلا ھىندىچە كىيىنەمسىز؟

گەندى: باشقىچە كىيىنىپ بارسام ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىمەن. چۈنكى، باشقىچە كىيىنىشىم سۈنئىيلىكتىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ.

مۇخبىر: ئەگەر بىرىتانىيە تەلەپلىرىڭىزنى ئورۇندىمىسا، تۈرمىگە قايتا كىرىشكە تەييارمۇسىز؟

گەندى: تۈرمىگە كىرىشكە ھەر قاچان تەييارلىقىم بار.

مۇخبىر: ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھازىر ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتالامسىز؟

گەندى: بۇ بىر ناچار سوئال.(7)

## دۇنيانىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراش

گەندى ۋەتەن ـ خەلقىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ئىشغالچى ھۆكۈمەتنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ ئولتۇرمىدى. مەيلى ئۆزى تاللىغان دىننى، مەيلى ھايات شەكلىنى ۋەياكى پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشى سەۋەبلىك ئۆزگەرتمىدى. خەق نېمە دەپ قالار دېمىدى. ھەتتا، ئۇ بىرىتانىيە پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماڭغان دېڭىز سەپىرى جەريانىدىمۇ ئىغىرىق چۆرگىلىتىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇنيا گەندىنى، دالاي لامانى ياكى ۋاتىكان پوپىنى، ۋەياكى ئامېرىكا باش مىنىستىرى بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرغان تالىبان لىدېرىنى كىيمى، پىكرى، دۇنيا قارىشى سەۋەبلىك سەھنىلەرگە چىقىرىشتىن، زىيارەت قىلىشتىن ياكى ھۆرمەت كۆرسىتىشتىن يالتىيىپ قالمىدى.

ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپىسىنى قۇرۇپ چىقالىغان، مۇستەقىل دۇنيا قارىشى بولغان كىشىلەر تاشقى دۇنيانىڭ پىكىر ـ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. مەيلى ئىنقىلاب يولىدا، مەيلى ئىلمىي تەتقىقاتتا، ھەتتا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىقتا «باشقىلار قوبۇل قىلمايدۇ، ۋەزىيەت كۆتۈرمەيدۇ، خەق يامان چۈشىنىدە بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك ئويى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلار، باشقىلار قانداق ئويلىسا شۇنداق ئويلايدىغانلار ئويلايدىغانلار، ئۆز ئىدىيە ـ چۈشەنچىلىرىنىڭ ياكى ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقىنى باشقىلارنىڭ ئىنكاس، پوزىتسىيىسىگە قاراپ بەلگىلەيدىغانلار مۇستەقىل ئىدىيەسى، ھەرىكەت مىزانى بولمىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇنداقلار ھېچبىر قاچان باشلامچىلىق، لىدېرلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ، قىلغان ئىنقىلابىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئىنقىلابنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالىغان لىدېرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈزۈم مۇددەتلىك، مۇستەقىل ئىدىيە ۋە پىلانغا ئىگە بولغانلىقى بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەردىن ھېچبىرىگە سىر ئەمەس. خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ سۆز ـ ۋە ھەرىكەت قىلىدىغانلار لىدېر ئەمەس «ئارتىس» ئىكەنلىكىمۇ ئەقىل ئىگىلىرىگە ئايان.

دۇنيا كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ. ئاجىزلارنىڭ پەريادلىرىغا قۇلاق سالمايدۇ. دۇنيا خەلقىنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ تۇرۇپ ئىش كۆرمەكچى بولۇش يولىدىكى ناچار رىئاللىقىمىز بېشىمىزدىكى كۆلپەتلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ.

## «ھىندىستاندىن چىقىپ كەت»

ماھاتما گەندى 1942 ـ يىلى بېرىتانىيە ئىشغالچى كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن «ھىندىستاندىن چىقىپ كەت»(Quit India) ھەرىكىتىنى باشلىدى. بۇ سەۋەبلىك يەنە تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى ۋە 1944 ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى بىرلىكىنىڭ لىدېرى مۇھەممەد ئەلى جىنناھ بىلەن كۆرۈشتى. مۇھەممەد ئەلى جىنناھ ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلاتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىدى. گەندى بولسا ھىندىستاننىڭ بۆلۈنۈشىگە قارشى تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلى جىنناھنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى. مۇھەممەد ئەلى جىنناھمۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلىش نەتىجىسىدە 1947 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست «پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نامىدا مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭدىن بىر كۈن كېيىن، 1947 ـ يىلى، 15 ـ ئاۋغۇست ھىندىستان مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى.

گەندى ھىندىستان مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىپ تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، 1948 ـ يىلى، 30 ـ يانۋار بىر ھىندى دىنى مىللەتچىسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ھىندى ئەنئەنىسى بويىچە، ئۇنىڭ جەستى كۆيدۈرۈلۈپ، جەسەت كۆلى ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا چېچىۋېتىلدى.

نەقىل مەنبەلىرى:


(1) https://islamqa.info/en/answers/9243/did-shaykh-muhammad-ibn-abd-al-wahhaab-rebel-against-the-ottoman-caliphate-and-what-was-the-reason-for-its-fall

(2) https://www.nationalgeographic.org/encyclopedia/jainism/

(3) https://www.bbc.co.uk/religion/religions/jainism/ataglance/glance.shtml

(4) https://www.history.com/topics/india/salt-march

(5) https://www.history.com/topics/india/salt-march

(6) https://www.aa.com.tr/tr/dunya/pasif-direnisin-sembolu-gandi/1598606

(7) https://youtube.com/watch?v=396qdMgOY


مىسلىسىز ئويغىنىش
چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئون پايدىسى
ئالېكس راۋلىڭس

# چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئون پايدىسى

ئالېكس راۋلىگس *

تىل ئۆگىنىش بىر تۈرلۈك تەۋەككۈلچىلىك جەريانىدۇر. ئۇ بىزنى ئىلگىرى بېرىپ باقمىغان جايلارغا باشلاپ بارىدۇ. بىزگە نامەلۇم ئىشىكلەرنى ئېچىۋېتىدۇ. تىل ئۆگىنىش بىزگە ئىلگىرى تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرنى تونۇشتۇرىدۇ، ھاياتىمىزغا يېڭى مەزمۇنلار ئاتا قىلىدۇ.

چەتئەل تىلى ئۆگىنىش بىزگە كۆپلىگەن يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەۋجۇت دۇنيادا ئوخشىمىغان تىلنى ئىشلىتىش ئارقىلىق يېڭىچە ياشىشىمىزغا ئىمكان ئاتا قىلىدۇ. ئوخشىمىغان دۆلەتتىكى كىشىلەر بىلەن يېڭى ئالاقىلەرنى قۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

باشقا بارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش، تىل ئۆگىنىشمۇ رىقابەتكە تولغان. پەقەت ئۆزۈڭ مۇددەتلىك سەۋرچانلىق ۋە ئىرادە بولغاندىلا، ئاندىن بىر تىلنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆگىنەلەيمىز.

تۆۋەندىكىسى تىل ئۆگىنىشنىڭ ئون چوڭ پايدىسى بولۇپ، بۇنى بىلگىنىڭىزدە تىل ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىڭىز ۋە تىل ئۆگىنىش جەريانىدىكى مۇشەققەتلەرگە ئىجابىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ.

1. چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ

يېڭى تىل ئۆگىنىش چوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى ساقلايدۇ. تىل ئۆگىنىش توختاۋسىز رەۋىشتە يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگىنىش ۋە يېڭى بىلىملەرنى قوللىنىش جەريانىدۇر. ھەر قېتىم يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەندە، چوڭ مېڭە ئىزچىل ھالدا يېڭى ھۆجەيرىلىرىنى قوزغىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جانلىقلىقىنى ساقلايدۇ. كۈندە بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىپ تىل ئۆگىنىش چوڭ مېڭىنى مەشغۇلاتلاندۇرۇشتە سان تىزىش ئويۇنى ئوينىغانغا ئوخشاشلا چوڭ مېڭىگە پايدىلىق. ئەمما تىل ئۆگىنىش ئېنىقكى باشقا تۈرلۈك ئويۇنلاردىن ئەلۋەتتە تېخىمۇ بەك قوللىنىشچان.

ئەقلىي ئىقتىدارىڭىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن چەتئەل تىلى ئۆگىنىڭ.

* ئالېكس راۋلىگس ئون بەش خىل چەتئەل تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان كۆپ تىل ماھىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2. دۇنياغا يېڭى نۇقتىدىن نەزەر سېلىشىمىزغا ياردەمچى بولىدۇ

يېڭى تىلنى ئۆگىنىش بىزنى ئۆزىمىزنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ. يېڭى چەتئەل تىلى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى، شۇنداقلا ئۆز پىكرىمىزنى تامامەن يېڭىچە شەكىلدە ئىپادىلەشنى ئۆگىنەلەيمىز. شۇنداقلا، ئۆزىمىز ئۆگەنگەن چەتئەل تىلى ئانا تىلى بولغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز. يېڭى تىل ئۆگىنىشتىكى بۇ جەريانلار بىزنى ئانا تىلىمىزدىكى دۇنياغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان، يېپيېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. بىلىم سەۋىيىمىزنىڭ ئېشىشى، نەزەر دائىرىمىزنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن چەتئەل تىلى ئۆگىنىڭ.

3. تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، قانچە كۆپ چەتئەل تىلى بىلگەن كىشى شۇنچە كۆپ پۇل تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. يەرشارىلىشىش يولىدا ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، خىزمەتتە خېرىدارلار ۋە خىزمەتداشلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئانا تىلىدا ئالاقە قىلالايدىغان بولۇشىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈنمۇ، ئۆزىڭىز ئىشلەۋاتقان شىركەت ئۈچۈنمۇ غايەت زور قىممەت يارىتىدۇ. يېزىقچە تەرجىمانلىق ۋە ئېغىزچە تەرجىمانلىق دېگەندەك تامامەن تىل ئىقتىدارىنى ئاساس قىلغان كەسىپلەرنى مىسالغا ئالساق، بۇ خىل كەسىپلەردە خىزمەت قىلىدىغان كۆپ تىل بىلگۈچىلەر روشەن ھالدا خىزمەتتىكى ئۈستۈن ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ. چەتئەل تىلى بىلىدىغانلارنىڭ خىزمەتتە ئەۋزەللىككە ئېرىشىشى يەنە مېدىيا، ئېلانچىلىق ۋە دىپلوماتىيە ساھەلىرىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، باشقا جەھەتتە ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىككى كىشىدىن چەتئەل تىلى بىلىدىغىنى چەتئەل تىلى بىلمەيدىغان كىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدۇ. شۇڭا، ياخشىراق كۈن كەچۈرەي دېسىڭىز چەتئەل تىلى ئۆگىنىڭ.

4. بىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرىدۇ

چەتئەل تىلىدا سۆزلەشنىڭ كىشىلەرنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىدىغانلىقى ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلانغان. چەتئەل تىلىدا سۆزلەش چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئاشۇرىدۇ، چوڭ مېڭىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تېخىمۇ مۇرەككەپ ئۆچۈرلارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ خىل ئەۋزەللىك پەقەت قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق مۇھىتتا چوڭ بولغان كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ھاياتىنىڭ مۇئەييەن بىر پەيتىدىن باشلاپ چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنى باشلىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاقتۇر.

تەجرىبىلەردىن ئىسپاتلىنىشىچە، تىلى چىققىشتىن ئىلگىرى قوش تىل مۇھىتىدا ياشىغان بوۋاقلار بىرلا ۋاقىتتا ئىككى يورۇقلۇق مەنبەسىگە ئىنكاس قايتۇرالايدىكەن. ئەمما بىرلا تىل مۇھىتىدا چوڭ بولغان بوۋاقلار بىرلا ۋاقىتتا پەقەت بىرلا يورۇقلۇق مەنبەسىگە ئىنكاس قايتۇرالايدىكەن.

تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەقىل ـ زېھىن قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. شۇ نۇقتىدىن، تىل ئۆگىنىش جەريانىدا چەككەن جاپالىرىڭىزنى ھەرگىز ئۆز خىيالىڭىزدا كۆپتۈرۈۋالماستىن، جاپانىڭ كەينىدە ھالاۋەت بولىدىغانلىقىنى دائىما ئەستىن چىقارماڭ.

**5. دېۋەڭلىك كېسەلنىڭ قوزغىلىشىنى كېچىكتۈرىدۇ (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 يېرىم يىل)**

چەتئەل تىلى ئۆگىنىش چوڭ مېڭە ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولۇپ، ئالىملار چەتئەل تىل ئۆگىنىشنىڭ دېۋەڭلىك قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدار ۋە زېھنگە مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىشىنى تۆت يېرىم يىل كېچىكتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. تىل ئۆگىنىش بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر.

**6. پسىخىكىلىق بىنورماللىق ۋە روھىي بېسىمنى يېڭىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ**

ئەنگىلىيە دۆلەتلىك داۋالاش مۇلازىمەت سىستېمىسى (NHS) چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنى غەمكىنلىك كېسىلىنى داۋالاشتىكى ۋە باشقا روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇللارنىڭ بىرى دەپ كۆرسەتتى. «ئۆگىنىش» پائالىيىتى ئەسلىدىنلا تەرتىپلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ خىل تەرتىپلىكلىك تۇرمۇش بېسىمنى يېڭىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. چۈشكۈنلۈك، غەمكىنلىك قاتارلىق كۆپ كۆرۈلىدىغان پسىخىكىلىق توسالغۇلارغا يولۇقماي دېسىڭىز، ياكى بۇ خىل پسىخىكىلىق راھەتسىزلىكلەردىن قۇتۇلاي دېسىڭىز، چەتئەل تىلى ئۆگىنىش سىزنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشىڭىز بولالايدۇ. چەتئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزىڭىزنىڭ روھىي كەيپىياتىڭىزنى باشقا چاغلاردىكىن ئالاھىدە ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ بېقىڭ. چۈكۈنلەشكەن، ئۈمىدسىزلەنگەن، باشقىلاردىن ئازار يەپ قەلبىڭىز جاراھەتلەنگەن چاغدا دەرھال ئۆزىڭىز ئۆگىنىۋاتقان ياكى ئۆگەنمەكچى بولغان چەتئەل تىلىغا باشچىلاپ چۆكۈڭ. بۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن كۆڭۈلسىز كەيپىياتتىن تېزلا قۇتۇلۇپ كېتەلەيسىز.

**7. مەدەنىيەت ئېڭىمىزنى ئاشۇرىدۇ**

تىل ئۆگىنىش بىزنى ھەر خىل كىشىلەر توپى ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. قانچە كۆپ مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشساق دۇنيانى چۈشىنىشىمىز ۋە مەدەنىيەت ئېڭىمىزنىڭ ئېشىشى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. مەدەنىيەت ئېڭىمىزنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىز ئۈچۈن مەنىۋى كاپىتال ھېسابلىنىدۇ. باشقىلار قانچە قىلىپمۇ چۈشەنمىگەن بىر ھادىسىنى. كۆپ مەدەنىيەتلەر بىلەن تونۇشلۇق بىرەيلەن ھېچ زورۇقماستىنلا چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. چەتئەل تىلى ئۆگەنگەنلىكىمىز سەۋەبلىك قارشى تەرەپ بىلەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئانا تىلدا پاراڭلىشىش ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى، ئېتىقادى ۋە ئەنئەنىسىنى چۈشىنىشىمىزدىكى قىممەتلىك پۇرسەتتۇر. بۇ جەريان بىزگە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقنى تېخىمۇ كۆچلۈك ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەگەر بىز چەتئەل تىلى بىلمىسەك، شۇ تىلغا ئائىت بولغان، ئوخشمىغان بىر مەدەنىيەتنى ھەقىقىي چۈشىنىشىمىز مۇمكىن بولمايدۇ. چەتئەل تىلى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چەتئەل تىلى بىلمەيدىغانلارغا سېلىشتۇرغاندا نەزەر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ، مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

## 8. كەڭ دائىرىلىك دوستانە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ

كىشىلەر ئادەتتە چەتئەل تىلى بىلەن ئەمەس، ئۆز ئانا تىلى ئارقىلىق ئالاقە قۇرۇشنى تېخىمۇ بەك خالايدۇ. چەتئەل تىلىنى ئىشلىتىشكە سېلىشتۇرغاندا، ئانا تىلنى ئىشلىتىش سۆزلىگۈچىنى ئالاقە جەريانىدا تېخىمۇ ئەركىن ۋە ئوچۇق-يورۇق قىلىدۇ. ئىنگلىز تىلى دۇنيانىڭ ئۇنىۋېرسال تىلىغا ئايلانغان بۇ دەۋردە، باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر سىزنىڭ يەنىلا ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىشتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقىنىڭىزنى بايقىغىنىدا، سىزگە بولغان قايىللىقى ئاشىدۇ. ساياھەت جەريانىدا باشقىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئانا تىلى ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەتكە ئېرىشەلەيسىز. ھەتتا، ئۆزىمىز ئۆگەنگەن چەتئەل تىلى بىزگە ئۆمۈرلۈك ۋاپادار دوست ئاتا قىلىشى مۇمكىن.

## 9. ئانا تىلىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىسىز

گەرچە بىز ھەر كۈنى ئانا تىلىمىزنى ئىشلىتىدىغان بولساقمۇ، ئەمما ئانا تىلىمىز توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىشلاردا بولۇپ باقمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. يېڭى بىر تىلنى ئۆگىنىش بىزنى گىراماتىكىنى، كەلىمىلەرنىڭ ياسىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ. چەتئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ئانا تىلىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىغان، ئانا تىلىڭىزنى چەتئەل تىلى ئۆگەنمىگەن چېغىڭىزغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىشلىتەلەيدىغان بولىسىز. بۇ ئاڭلار بىز ئۆگىنىۋاتقان يېڭى تىل بىلەنلا چەكلىنىپ

قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ھەققىدە ئويلىنىشىمىزغا ۋەسىلە بولىدۇ. يېڭى تىل ئۆگىنىش كەچۈرمىشىمىز بىزنى تىل قائىدىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىغان ۋە ئانا تىلىمىزنى تېخىمۇ توغرا ئىشلىتىدىغان قىلىدۇ.

## 10. تىل ئۆگىنىش سىزنى تېخىمۇ چىدامچان قىلىدۇ

چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنى قىيىن دەپ دېيىش توغرا ئەمەس. ئەمما، ھەر قانداق چەتئەل تىلى تامامەن يېڭىچە، بىز بىلىدىغان دۇنيادىن تامامەن باشقىچە بىر دۇنيا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆگىنىش بىر ئىككى ھەپتىلىك، ياكى بىر ئىككى ئايلىق ھاياجان بىلەن ئىشقا ئاشمايدۇ. تىل ئۆگىنىش بىزنى يىراقنى كۆزلەشكە ۋە ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا سەبرچانلىق بىلەم مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئاسانلا بەل قويۇۋېتىشنىڭ ئورنىغا، چىدامچانلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئۇنى يېڭىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئۇنۇملۇك ئۇسۇللاردىن بىرى دەل چەتئەل تىلى ئۆگىنىشتۇر. كىشى بىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچە جاپا چەكسە، ئۇنىڭ باراۋىرىدىكى قىيىنچىلىق ـ جاپالار كىشىگە بارغانچە جاپا بىلىنەشمەس بولۇپ قالىدۇ. تىل ئۆگىنىش قىيىن ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئىزچىللىقنى ۋە جاپا چېكىشنى تەلەپ قىلىدىغان جەريان بولغاچقا، تىل ئۆگىنىش جەريانىدا چەككەن جاپالىرىڭىز سىزنى تاۋلاپ، پىشۇرىدۇ. ھاياتىڭىزنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلىرىڭىزغا ئىجابىي رەۋىشتە يۈزلىنەلىشىڭىزنى، چىدامچان بولۇشىڭىزنى روياپقا چىقىرىدۇ. شۇنى بىلگەيسىزكى، چىدامچانلىق ئەڭ ئېسىل ئىنسانىي خاراكتېر بولۇپ، چىدامچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەر ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. چەتئەل تىلى ئۆگىنىش سىزنىڭ چىدامچانلىقىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىزدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر.

ئالېكس راۋلىڭسىنىڭ «يۇقىرى ئۈنۈملۈك تىل ئۆگىنىش» ناملىق كىتابىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ياۋروپا خەلقىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشى

# ياۋروپا خەلقىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشى

مەركىزى ياۋروپا ئاسىيا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى 2020-يىلى 12-ئاينىڭ بېشىدا «COVID-19 دەۋرىدىكى ياۋروپانىڭ خىتاي ھەققىدىكى جامائەت پىكرى» ناملىق دوكلات ئېلان قىلدى.

مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بۇ دوكلاتنى جىنس، ياش، مائارىپ سەۋيىسى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئالماستىن ياۋروپادىكى چېخ، فرانسىيە، گېرمانىيە، ۋېنگىرىيە، ئىتالىيە، لاتۋىيە، پولشا، رۇسىيە، سلوۋاكىيە، ئىسپانىيە، شىۋېتسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق ئون ئۈچ دۆلەت خەلقىگە قارىتا ئالدىنقى ئىككى ئاي جەريانىدا راي سىناش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەييارلاپ چىققان.

دوكلات تۆت چوڭ بۆلەككە ئايرىلىپ تەييارلانغان بولۇپ، بىرىنچى بۆلەكتە مەزكۇر ئون ئۈچ دۆلەت خەلقىنىڭ خىتاي ھەققىدىكى كۆز قارىشى ستاتىستىكا قىلىنغان، ئىككىنچى بۆلەكتە ئون ئۈچ دۆلەت خەلقىنىڭ ئامېرىكا، رۇسىيە ۋە خىتاي قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتىن قايسىسىنى دۇنياۋى كۈچ دەپ قارايدىغانلىقى ستاتىستىكا قىلىنغان، ئۈچىنچى بۆلەكتە خىتايغا قارىتا تاشقى سىياسەتنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى، تۆتىنچى بۆلەكتە بولسا خىتاي ۋىرۇسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ستاتىستىكا قىلىنغان.

تۆۋەندە دوكلاتتا ئورۇن ئالغان سېخمىلارنىڭ مۇھىملىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

1 Feelings towards China and other countries

Figure 1: Positive feelings towards China across European nations (% of respondents)[3]




سول تەرەپتىكىسى مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان راي سىناشقا قاتناشقان ئون ئۈچ دۆلەت خەلقىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ خەرىتە ئارقىلىق كۆرسىتىلىشى بولۇپ، قېنىق كۆك رەڭ خىتايغا ياخشى ھېسسىياتتا بولغان دۆلەتلەرنى، سۇس كۆكرەڭ خىتايغا ئانچە ياخشى ھېسسىياتتا بولمىغان دۆلەتلەرنى، بوز رەڭ خىتايغا يامان ھېسسىياتتا بولغان دۆلەتلەرنى كۆرستىدۇ.

خەرىتىدىن كۆرسىتىلگەندەك ھەر قايسى ساھەلەردە خىتايغا ئەڭ ياخشى ھېسسىياتتا بولغۇچى ئىككى دۆلەت دۆلەت تەرتىپ بويىچە رۇسىيە ۋە سېربىيە بولغان، ئاندىن لاتۋىيە، پولشا، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بولغان.

خىتايغا ئەڭ سەلبىي ھېسسىيتتا بولغان دۆلەتلەر شىۋېتسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق پەن-مەدەنىيەتتە ئىلغار دۆلەتلەر بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

**Figure 2:** Feeling towards China among Europeans (% of respondents)[4]




يۇقىرىقىسى «ياۋروپالىقلارنىڭ خىتايغا بولغان ھېسسىياتى» ناملىق سىخىما بولۇپ، سىخمىدىن مەلۇم بولىشچە، خىتايغا بولغان كۆز قاراش جەھەتتە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ئومۇمىي نۇقتىدىن سەلبىي بولغان. مەزكۇر ئون ئۈچ دۆلەت ئارىسىدا خىتايغا بولغان كۆز قارىشى ئەڭ سەلبىي دۆلەت خەلقى تەرتىپ بويىچە شىۋېتسىيە، ئەنگىلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، چېخ بولۇپ چىققان.

ستاتىستىكىغا قاتناشقان ئون ئۈچ دۆلەت خەلقىدىن

خىتايغا ئەڭ ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولغان دۆلەتلەر خەلقى بولسا تەرتىپ بويىچە رۇسىيە، سېربىيە، لاتۋىيە، پولشا، ئىتالىيە بولۇپ چىققان.

**Figure 3:** Change of feeling towards China among Europeans in the past three years (% of respondents)[5]




يۇقىرىقىسى زىيارەت قىلىنغان ئون ئۈچ دۆلەت خەلقىنىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدا خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ستاتىستىكا قىلىنغان بولۇپ، زىيارەت قىلىنغان ياۋروپا خەلقلىرى ئارىسىدا يېقىنقى ئۈچ يىلدا خىتايغا بولغان كۆز قارىشى ئەڭ يامانلاشقان خەلق ئەنگلىيىلىكلەر بولغان. زىيارەتنى قوبۇل قىلغان يەتمىش پىرسەنت ئەنگلىيىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشى يامانلاشقان. ئارقىدىن شىۋېتسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە قاتارلىقلار كەلگەن. ئۈچ يىل ئىچىدە خىتايغا بولغان سەلبىي كۆز قارىشى ئەڭ تۆۋەن بولغان دۆلەت رۇسىيە بولۇپ، زىيارەتنى قوبۇل قىلغانلار ئىچىدە پەقەت ئون بەش پىرسەنت رۇسىيەلىكلەرلا خىتايغا نىسبەتەن سەلبىي كۆز قاراشتا بولغان. ئوتتۇز پىرسەنتكە يېقىن رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئۈچ يىل جەريانىدا خىتايغا بولغان ئىجابىي كۆز قارىشى ئاشقان. ئۈچ يىل ئىچىدە خىتاينى ياخشى كۆرۈشى ئەڭ ئاشقان دۆلەت سېربىيە بولغان. زىيارەتنى قوبۇل قىلغان سېربىيىلىكلەرنىڭ ئاتمىش بەش پىرسەنتى ئۈچ يىل ئىچىدە خىتاينى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن.

www.uyghurkitap.com

**Figure 4:** Perceptions of trade with China among Europeans (mean values)[6]




ختاي بىلەن سودا قىلىشقا مايىللىق جەھەتتە تەرتىپ بويىچە رۇسىيە، لاتۋىيە، سېربىيە، ئىتالىيە ۋە پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى ئەڭ ئىجابىي كۆز قاراشتا بولغان بولۇپ، زىيارەت قىلىنغان ئون ئۈچ دۆلەت خەلقى ئارىسىدا پەقەت فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە خەلقىنىڭلا ختاي بىلەن سودا قىلىشقا بولغان مايىللىقى ئەللىك پىرسەنتتىن تۆۋەن بولغان. قالغان ئون بىر دۆلەت خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ ختاي بىلەن سودا قىلىش مايىللىقى ئەللىك پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان. ھەتتا، رۇسىيە، لاتۋىيە، سېربىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەتنىڭ ختاي بىلەن سودا قىلىشقا بولغان مايىللىقى يەتمىش پىرسەنت بىلەن سەكسەن پىرسەنت ئارىسىدا بولغان.

Figure 5: Perceptions of Chinese investments among Europeans (mean values)[7]




ختاينىڭ ياۋرووپادا مەبلەغ سېلىشىنى ئەڭ خالىمىغان دۆلەت خەلقى شۋېتسىيە خەلقى بولۇپ چىققان. ئارقىدىن فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگىلىيە خەلقى كەلگەن. ختاينىڭ ياۋرووپادا مەبلەغ سېلىشىنى ئەڭ قوللايدىغان دۆلەت خەلقى سېربىيە بولغان. ئارقىدىن رۇسىيە، لاتۋىيە ۋە پولشا كەلگەن.

Figure 6: Perceptions of Belt and Road Initiative among Europeans (mean values)[8]




ختاينىڭ بىر بەلباغ، بىر يول سىياسىتىگە ئەڭ سەلبىي پوزىتسىيەدە بولغان ياۋرووپا خەلقلىرى ئارىسىدا تەرتىپ بويىچە شۋېتسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەڭ باشتا كەلگەن. سېربىيە، رۇسىيە، لاتۋىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ جەھەتتە ئىجابىي پوزىتسىيەدە بولغان.

خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنى چوڭ بىلگۈچى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدا زىيارەتنى قوبۇل قىلغان سېربىيە ۋە رۇسىيە خەلقى ئەڭ باشتا تۇرغان. خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنى شۋېتسىيە، چېخ، گېرمانىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت خەلقى ھەممىدىن بەك مەنسىتمىگەن.

**Figure 7:** Perceptions of Chinese military power among Europeans (mean values)[9]




مەزكۇر دوكلات ئۈچۈن راي سىناشقا قاتناشقان يۇقىرىقى ئون ئۈچ دۆلەت خەلقى ئارىسىدا ئامېرىكا، رۇسىيە ۋە خىتايدىن ئىبارەت ئۈچ كۈچنىڭ قايسىسىنى دۇنياۋى كۈچ دەپ قاراش جەھەتتە ھېچبىرى خىتاينى ئەڭ ئۈستۈن دۇنياۋى كۈچ دەپ تونىمىغان. ئايرىم-ئايرىم ھالدا سېربىيە، رۇسىيە ۋە لاتۋىيە خەلقى خىتاينى ئامېرىكادىن ئۈستۈن، رۇسىيەدىن تۆۋەن، ئىككىنچى نومۇرلۇق دۇنياۋى كۈچ دەپ تونۇغان. راي سىناشقا قاتناشقان شۋېتسىيە، ئەنگلىيە ۋە پولشا خەلقى خىتاينى رۇسىيەدىن كۈچلۈك، ئامېرىكادىن تۆۋەن دۇنياۋى كۈچ دەپ قارىغان. فرانسىيە، گېرمانىيە، چېخ، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلقى خىتاينى يۇقىرىقى ئۈچ دۇنياۋى كۈچنىڭ ئۈچىنچىسى دەپ قارىغان.

## 2 Comparing the global powers

**Figure 10:** Positive feeling towards major powers among Europeans (% of respondents)[12]



**Figure 11:** How much do you trust the following countries/entities? (% of respondents)[13]




ئامېرىكا، رۇسىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە خىتايدىن ئىبارەت تۆت كۈچنىڭ ئىشەنچ دەرىجىسىنى باھالاشتا، راي سىناشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرىدىن تەرتىپ بويىچە ئەڭ ئاۋۋال شىۋېتسىيە، ئاندىن پولشا، ئاندىن فرانسىيە، ئاندىن چېخ خەلقلىرىنىڭ خىتايغا بولغان ئىشەنچى ئاران بەش پىرسەنت بىلەن ئون پىرسەنت ئارىسىدا بولغان. رەت تەرتىپى بويىچە سېربىيە، رۇسىيە، لاتۋىيە ۋە ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەت خەلقلىرىنىڭ باشقا دۆلەت خەلقلىرىگە قارىغاندا خىتايغا ئىشىنىشى ئەڭ يۇقىرى بولغان.

راي سىناشقا قاتناشقان ئون ئۈچ ياۋروپا دۆلىتى خەلقى ئىچىدە يەنىلا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچ دەرىجىسىنى ئەڭ ئۈستۈن دەپ قاراش ھەممىدىن يۇقىرى بولغان بولۇپ، بۇ نىسبەت قىرىق پىرسەنتتىن ئاشقان. ئامېرىكانىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىنى ئەڭ يۇقىرى دەپ قارىغانلارنىڭ ئومۇمىي نىسبىتى يىگىرمە پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان. رۇسىيەنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىنى ئەڭ يۇقىرى دەپ قارىغانلارنىڭ ئومۇمىي نىسبىتى ئون بەش پىرسەنت ئەتراپىدا بولغان. يۇقىرىقى ئون ئۈچ دۆلەتتىن راي سىناشقا قاتناشقانلارنىڭ نەزىرىدە خىتاينىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى ئەڭ ئۈستۈن دەپ قارىغانلارنىڭ نىسبىتى ئون پىرسەنت بىلەن ئون بەش پىرسەنتنىڭ ئارىسىدا بولغان.

**Figure 13:** Should your country cooperate with the following countries in building the 5G network? (% of respondents agreeing)




يۇقىرقىسى 5G تورى جەھەتتە دۆلىتىڭىزنىڭ قايسى دۆلەت بىلەن ھەمكارلىششىنى خالايسىز، دېگەن راي سىناش بولۇپ، ختاي بىلەن ھەمكارلىششنى ھەممىدىن بەك خالىغان دۆلەت رۇسىيە بولغان. ئارقىدىن تەرتىپ بويىچە ئىسپانىيە، لاتۋىيە، ئىتالىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر كەلگەن. تورى جەھەتتە ختاي بىلەن ھەمكارلىششقا ئەڭ سەلبىي ئىنكاستا بولغۇچى دۆلەت خەلقلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىۋېتسىيە، چېخ، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەت خەلقلىرى بولغان.

**Figure 14:** How economically powerful do you consider the following entities? (% of respondents finding it strong)[15]




سول تەرەپتىكىسى ختاي، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە رۇسىيە قاتارلىق تۆت كۈچنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى توغرىسىدىكى راي سىناشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، راي سىناشقا قاتناشقانلار ئىچىدە ۋېنگرىيە، پولشا، ئىسپانىيە ، ئەنگلىيە قاتارلىق تۆت دۆلەت خەلقىدىن باشقا ھەممىسى بىردەك ھالدا ختاينى ئىقتىسادىي جەھەتتە مەزكۇر تۆت كۈچنىڭ ئەڭ ئۈستىنى دەپ قارىغان.

**Figure 26:** How did China's global position change in light of COVID-19 pandemic (% of respondents agreeing with the statements)




يۇقىرىقىسى خىتاي ۋىرۇسى دەۋرىدە خىتاينىڭ يەر شارىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى راي سىناش نەتىجىسى بولۇپ، يار سىناشقا قاتناشقان ئون ئۈچ ياۋروپا دۆلىتى خەلقى ئىچىدە «خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك خىتاي ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى» دەپ قارىغانلارنىڭ سانى مۇتلەق ھالدا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. راي سىناشقا قاتناشقانلار ئىچىدە ۋېنگىرىيىلىكلەرنىڭ ئەللىك پىرسەنتى، ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ۋە پولشالىقلارنىڭ قىرىق بەش پىرسەنتتىن كۆپى، سېربىيەلىكلەرنىڭ ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قىرىق پىرسەنتكە يېقىنى خىتاينى خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئېرىشتى دەپ قارىغان.

راي سىناشتا يەنە خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك خىتاينىڭ يۈز-ئابرويى ئۆستى دەپ قارىغانلار ئومۇمىي نىسبەتنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ھەتتا، راي سىناشقا قارىغان سېربىيە خەلقىنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتتىن يۇقىرى مۇشۇ خىل قاراشتا بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**Figure 27:** Do you agree with the following statements about the origin of the COVID-19 pandemic?
(% of respondents agreeing with the statements)




ختتاي ۋىرۇسى توغرىسىدىكى كۆز قاراش جەھەتتە بىر ئۆزگىچە نەتىجە چىققان. ئۇ بولسىمۇ، راي سىناشقا قاتناشقان 13 دۆلەت خەلقىنىڭ ھەممىسىدە «ختتايلار شەپەرەڭ قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ختتاي ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى» دېگەن كۆز قاراش ئومۇمىي جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. ختتاي ۋىرۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە راي سىناشقا قاتناشقان شىۋېتسىيە خەلقى بىلەن ئەنگىلىيە خەلقى ئارىسىدا ختتايلارنىڭ شەپەرەڭ قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى يېيىشى ختتاي ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى دەپ قارىغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان. راي سىناشقا قاتناشقالاردىن شىۋېتسىيەلىكلەرنىڭ ئاتمىش پىرسەنتكە يېقىنى، ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ ئەللىك پىرسەنتكە يېقىنى مۇشۇ خىل چۈشەنچىدە بولغان. «ختتاي ۋىرۇسى ختتاي تەجرىبىخانىلىرىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا ياساپ چىقىلىپ، دۇنياغا ختتاي تەرىپىدىن قەستەنلىك بىلەن تارقىتىلدى» دەپ قارىغۇچىلارنىڭ نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولغان. 13

دۆلەتتىن مۇشۇ چۈشەنچىدە بولغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئوتتۇز بەش پىرسەنت ئەتراپىدا بولغان. ھەتتا، مەزكۇر دوكلاتتىن مەلۇم بولغىنىدەك، خىتايغا بولغان ئىجابىي كۆز قارىشى يۇقىرى بولغان رۇسىيە، لاتۋىيە، سېربىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەت خەلقلىرىدىمۇ خىتاي ۋىرۇسىنى خىتاي ياساپ، دۇنياغا تارقاتتى دەپ قارىغانلارنىڭ نىسبىتى 25 پىرسەنتتىن ئۈستۈن بولغان.

دوكلات بىر تۈركۈم رېئاللىقلارنى بىزنىڭ سەممىزگە سالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئون ئۈچ دۆلەت خەلقى بىردەك ھالدا خىتاي بىلەن سودا قىلىشقا نىسبەتەن ئەڭ كۆڭۈلسىز ئىنكاس قايتۇرغان. خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە دەپسەندە قىلىشى، ئۇيغۇرلارنى قانچىلىك دەرىجىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشىدىن قەتئىينەزەر، راي سىناشقا قاتناشقان بۇ ئون ئۈچ دۆلەت خەلقى ئارىسىدا فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە خەلقىدىن باشقا ئون بىر ياۋروپا دۆلىتىنىڭ پۇقراسىنىڭ خىتاي بىلەن سودا قىلىشنى قوللاش ئىستىكى ئەللىك پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان. بۈگۈنكى دۇنيا خەلقىنىڭ بەخت سائەتىنىڭ ئۇل ـ ئاساسىنى ئىقتىساد دەپ قارايدىغانلىقىدەك رېئاللىقمۇ بۇ دوكلاتتىن روشەن ئەكس ئەتكەن.

خىتايغا قارشى سەلبىي كەيپىياتى ئەڭ يۇقىرى بولغان دۆلەتلەر شىۋىتسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيە بولغان. بۇ تۆت دۆلەت تېخنولوگىيەدىن باشقا، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان دۆلەتلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت، بۇ تۆت دۆلەت خەلقىنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنى چوڭ بىلىشى، بىلىمگە مەبلەغ سېلىشى ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان دۆلەتلەردۇر. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، مائارىپ سەۋىيەسى ئۈستۈن، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشى، ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە توغرا يەكۈن چىقىرىشى ئىلىم ـ مەرىپەتنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇشتىن مەھرۇم قالغان خەلقلەرگە قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن بولىدۇ.

سېربىيە، رۇسىيە، لاتۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشى ۋە توغرىنى خاتادىن ئايرىش ئىقتىدارى ھەممىمىزنى مەيۇسلەندۈرىدۇ.

بىز ئۇيغۇر خەلقى مىللەت سۈپىتىدە ھەر قاچان ھەق تەرەپتە تۇرۇشنى تاللايمىز. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويغىنىمىزدا، مىللەت ئارىسىدا مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى قوزغاپ ئىلىم ـ پەن مىللىتى بولۇشنى نىجاتلىقىمىزنىڭ ۋە باش كۆتۈرۈشىمىزنىڭ يادروسى دەپ تونۇپ، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلغىنىمىزدا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلىرىمىز تۈپ يىلتىزىدىن ھەل بولۇش بىلەن بىرگە، كەلگۈسىدە يەر يۈزىدىكى كۈچلۈك مىللەتلەردىن بولالىشىمىزغا ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

مىسلىسىز ئويغىنىش



# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى ئالتۇن قائىدە

براين چېيسى

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى ئالتۇن قائىدە

براين چېيسى

كۆندىلىك تۇرمۇشتا كىشىنىڭ قىلىشى كېرەك بولغان ئىشلار بەك كۆپ. بۇ ۋەجىدىن، ئۆزىڭىز قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالىشىڭىز ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىتقا ھەرگىز ئېرىشەلمەيسىز. تۈگىمەس ئىشلار، شەخسىي مەجبۇرىيىتىڭىز، پۈتتۈرۈلۈشى كېرەك بولغان تۈرلەر، ئۆزىڭىز ئوقۇماقچى بولغان كىتاب ـ ژۇرناللار ئارىسىدا ئۈھ دېگۈدەك ۋاقتىڭىز قالمايدۇ. بۇ خىل ئالدىراشچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى بەكمۇ ئارزۇلايسىز.

بىراق، ھەققەت شۇكى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ پۈتتۈرەلىشىڭىز ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. قىلىشىڭىزنى ساقلاۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتتۈرۈپ، بىر باشقا ئېچىقىپ بولالىشىڭىز ئوخشاشلا ئىمكانسىز. ئوقۇغىڭىز بار كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇپ، بوش ۋاقتىمدا قىلىۋالىمەن دەپ ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىڭىزنى قىلىۋېلىشقا ئەسلا مۇۋەپپەق بولالمايسىز.

يۇقىرىقىلارنى بەجا كەلتۈرەلمىگەننى ئاز دەپ، تېخىمۇ ئۈنۈمدار بولۇش ۋە ۋاقىت باشقۇرۇش مەسىلىلىرىڭىزنى ھەل قىلىۋېلىش خىيالىدىمۇ بولۇپ يۈرمەڭ. ئىش ئۈنۈمىڭىزنى ئاشۇرۇش چارىلىرىدىن قانچىلىك بىلسىڭىز بىلىڭ، بىكار ۋاقتىڭىز قانچىلىك كۆپ بولسۇن، بۇ ۋاقىت ئىچىدە دائىملا ھەل قىلىشىڭىز كېرەك بولغاندىن تېخىمۇ كۆپ ئىشلار سىزنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ.

ۋاقتىڭىزنى ۋە ھاياتىڭىزنى پەقەت تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىشلەش ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا، شۇنداقلا ھەر كۈنى سىزنىڭ قىلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا كونترول قىلىپ، ئۆز ئىلكىڭىزدە تۇتۇپ تۇرالايسىز. سىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىشلارنى- ھەل قىلىش جەھەتتە بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كەچكىنىڭىزدە، ھاياتىڭىز راستىنلا ئۆزگۈرەيدۇ.

ۋاقىت باشقۇرۇش جەھەتتە ئىزدىنىۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى. بۇ جەھەتتىكى ئىلىم ساھەبلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ چىقتىم. كىشىلىك ئۈنۈمدارلىق توغرىسىدا يۈزلەپ كىتاب، مىڭلاپ ماقالە ئوقۇدۇم. بۇ ئەنە شۇ ئىزدىنىشلىرىمنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقت باشقۇرۇش ۋە ئۇنۇمدارلىقنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ھەر قېتىم كاللامغا بىرەر ياخشى پىكىر كەلسە، ئۇنى ئۆز خىزمىتىمدا، شەخسىي ھاياتىمدا ئەمەلىي رەۋىشتە سىناق قىلدىم. كاللامغا كەلگەن شۇ پىكىرنىڭ بۇ جەرياندا ئۇنۇمى كۆرۈلگەن تەقدىردە، بۇ پىكىرنى لېكسىيىلىرىمدە ۋە سۆھبەتلەردە باشقىلارغا ئۆگەتتىم.

مەن ئوتتۇرىغا قويغان چارە ـ تەدبىر، پرىنسىپلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇلارنى ئەمەلىي ھاياتىڭىزدا تەكرارلىغىنىڭىزدا، ھاياتىڭىزنى ئىجابىي يۆنىلىشكە باشلىغان بولىسىز.

كەچمىشىمنى ئاڭلاڭ

ئاۋۋال سىزگە ئۆز ھاياتىمدىن بىر ئاز ئاڭلىتاي.

ھاياتىمنى ھاياتقا قىزىقىدىغان تەپەككۇرۇمدىن سىرت، تولىمۇ چەكلىك ئەۋزەللىك بىلەن باشلىدىم. ئوقۇشۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىقتىن، يېرىم يولدا مەكتەپتىن ئايرىلدىم. بىر نەچچە يىل جىسمانىي ئەمگەكنى ئاساس قىلغان خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندىم. كەلگۈسۈم پارلاقتەك كۆرۈنمەيتتى.

ياش يىگىت ئىدىم، يۈك پاراخوتىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتكە ئېرىشتىم، نەتىجىدە دۇنيانى كېزىشكە ئاتلاندىم. سەككىز يىل جەرياندا دۇنيانى كەزدىم، ئىشلىدىم، يەنە جاھان كەزدىم. ئاقىۋەتتە، بەش قىتئەدىكى سەكسەندىن ئارتۇق دۆلەتنى كۆرگەن بولدۇم.

نەتىجىدە، باشقا بىر ئىش تاپالماس ھالغا كەلگەندىن كېيىن، سېتىقچىلىق قىلىش يولىغا كىردىم. ئىشكلەرنى چەكتىم، ساتقىنىمغا يارىشا پايدا ئايرىپ بېرىلەتتى. «نېمىشقا باشقىلار مەندىن ياخشى ساتالايدىغاندۇ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويغۇچە بولغانغا قەدەر قولۇمدىكى مەھسۇلاتلارنى سېتىپ چىقىرىش ئۈچۈن قىلمىغىنىم قالمىدى.

كاللامغا شۇ سوئال كەلگەندىن كېيىن، ھاياتىمنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىشقا كىرىشتىم. سېتىقچىلىق جەھەتتە مەندىن كۆپ سېتىپ، ماڭا قارىغاندا ياخشى پۇل تاپالاۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ئىشنىڭ يولىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا ئۆزى قوللانغان ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، مەن سېتىقچىلىقتا ئۇلارنىڭ ماڭا جېكىلىگىنى بويىچە ئىش كۆردۈم. راست دېگەندەك، سېتىشىم ياخشىلاندى. ئاقىۋەتتە، شۇ دەرىجىدە ئۇتتۇق قازاندىمكى، مەن سېتىقچىلىقنى قىلىۋاتقان شىركەت مېنى سېتىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى قىلىپ تەيىنلىدى. سېتىش دىرېكتورى بولغاندىن كېيىنمۇ، ئوخشاش ئۇسلۇبنى قوللاندىم. خىزمىتىدە ئۇتتۇق قازىنىپ ئىلگىرىلەۋاتقان باشقا سېتىش دىرېكتورلىرىدىن ئۇ قەدەر غەلىبە قازىنىشتا قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا ئۇتتۇق قازىنىش يولىنى

ئېيتىپ بەردى. مەن ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇلار ئېرىشكەن ئۇنۇمگە ئېرىشتىم.

## ئىشنىڭ نېگىزى

باشقىلاردىن ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمەلىي رەۋىشتە تەدبىقلاش جەريانىم مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى. مەن ئىشنىڭ بۇ قەدەر ئاددىيلىقتىن ھازىرمۇ ھەيران قالىمەن. ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇلار ئېرىشكەن ئۇنۇمگە ئېرىشكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇش، ئۇتۇق قازىنىشتا قىلىنىشى كېرەك بولغان يولدۇر. ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئاجايىپ پىكىر-ھە!

## غەلبىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ

ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، بەزى ئىنسانلار مەلۇم ئىشتا باشقىلىرىدىن بەكراق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇلار ئوخشىمايدىغان بەزى تەرەپلىرى بار، قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىشلارنىمۇ توغرا شەكىلدە قىلىدۇ. ۋاقتىنىمۇ ئوتتۇرىھال ئىنسانلارغا قارىغاندا ياخشى باشقۇرالايدۇ.

ئۆتمۈشۈمدە تولا مەغلۇپ بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۆۋەن كۆرىدىغان ۋە قابىلىيەتسىز دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. ئىشنى مەندىن ياخشى قىلالىغان ئىنسانلار مەندىن ئۈستۈن ئىنسانلار دېگەن خاتا قاراشقا كېلىپ قالغان ئىدىم. كېيىن بۇ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار پەقەتلا بەزى ئىشلارنى پەرقلىق شەكىلدە قىلاتتى. مەنتىقىلىق پىكىر قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى مەنمۇ ئۆگىنەلەيتتىم.

ئۆزۈمنى باشقىلاردىن تۆۋەن ئىكەنمەن دېگەن قارىشىمنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلىش مەن ئۈچۈن ئىلاھىي لۇتۇپ بولدى. بۇنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ھەم ھەيران قالدىم، ھەم ھاياجانلاندىم. ھازىرغىچە شۇنداقمەن. ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ئىشنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارغا ئوخشاش نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىشىنى مەنمۇ قوللىنىش ئارقىلىق ھاياتىمنى تامامەن ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىمنى ۋە ئۆزۈم نىشانلىغان ھەر قانداق نىشانغا يېتەلەيدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدىم.

سېتىقچىلىقنى باشلاپ بىر يىلدىن كېيىن، ئەڭ ياخشى مال ساتقۇچى بولغان ئىدىم. يەنە بىر يىل ئۆتۈپ، دېرېكتور بولدۇم. ئۈچ يىلدىن كېيىن شىركەت مېنى مۇئاۋىن باش دېرېكتور قىلىپ ئۆستۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئالتە دۆلەتتىكى 96 ئالتە كىشىدىن تەركىپ تاپقان سېتىش گۇرۇپپىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدۇم. بۇ چاغدا مەن 25 ياشتا ئىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدىن ھازىرغىچە ئوخشىمىغان 22 خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندىم، بىر مۇنچە شىركەتلەرنى قۇردۇم. داڭلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باشقۇرۇش ئىلمى دىپلومىغا ئېرىشتىم. فرانسۇزچە، گېرمانچە ۋە ئىسپانىيەچە ئۆگەندىم، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولدۇم، تەربىيىلىگۈچى بولدۇم، مىڭدىن ئارتۇق شىركەتتە مەسلىھەتچىلىك قىلدىم. نۆۋەتتە ھەر يىلى 250 مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە لېكسىيە سۆزلەيمەن. لېكسىيەلىرىمگە كۆپ بولغاندا بىرلا قېتىمدا 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىدۇ.

### ئاددىي ھەقىقەت

خىزمەت ھاياتىم بويىچە، ئاددىي بىر ھەقىقەتنى يەكۈنلەپ چىقتىم. ئەڭ مۇھىم ئىشنى پۈتۈن زېھنى بىلەن قىلىش، ئەڭ مۇھىم ئىشنى ياخشى قىلىش ۋە ئۇنى پۈتۈنلەي ئورۇنداش — ئالەمشۇمۇل غەلىبىنىڭ، نەتىجىنىڭ، ھۆرمەتلىنىشنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشىشنىڭ ۋە بەختنىڭ ئاچقۇچىدۇر. مانا بۇ ئاچقۇچلۇق نۇقتا دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ روھىدۇر ۋە جەۋھىرىدۇر.

مەن بايان قىلىدىغان ئۇسۇللار، ماھارەتلەر ۋە قائىدىلەر قوللىنىشچانلىقى ئىگە، ئىسپاتلانغان بولۇپ، ئۇلارنى دەرھاللا تەدبىقلىغىلى بولىدۇ. ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ئىشلارنى ئارقىغا سۈرەشنىڭ ياكى ناباپ ۋاقىت باشقۇرۇشنىڭ پسىخولوگىيىلىك ياكى ھېسسىي سەۋەبلىرىنى ئىزاھلاپ ئولتۇرمايمەن. نەزەرىيۋى ياكى تەتقىقات خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى كۆپ قوللانمايمەن. بۇ يەردە ئۆگىنىدىغانلىرىڭىز ئىشىڭىزدا تېز ئىلگىرىلەش ۋە ياخشى نەتىجە قازىنىشىڭىز ئۈچۈن قوللىنىشىڭىز كېرەك بولغان، شۇنداقلا ئائىلىڭىز ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن بولغان خۇشاللىقىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىزغا پايدىلىق مۇئەييەن ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت.

بۇ يەردىكى ھەر بىر پىكىر سىزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى ئۈنۈمدارلىقىڭىز، ئىپادىڭىز ۋە ئىش ھەل قىلىشىڭىزنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىڭىز قىلغان ھەربىر ئىشتا سىزنىڭ قىممىتىڭىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلغان. سىز يەنە مەن سۆزلەپ ئۆتىدىغان كۆپلىگەن چارىلەرنى شەخسىي تۇرمۇشىڭىزدىمۇ ئىشلىتەلەيسىز.

غەلىبىنىڭ ئاچقۇچى ھەرىكەتتۇر. بۇ پرىنسىپلار كىشىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە نەتىجىسىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە قىسقا ۋاقىتتا ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان يۇكسىلىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ پرىنسىپلارنى قانچە تېز ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە شۇنچە تېز تەدبىقلىسىڭىز، كەسپىڭىزدە شۇنچە تېز ئىلگىرىلەيسىز. بۇنىڭغا مەن كېپىل.

بايانلىرىمنى ئۆگىنىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشىڭىزدا تەدبىقلىغىنىڭىزدا، چەكسىز غەلىبىلەر سىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ.

## مۇقەددىمە

دەۋرىمىز ياشاش ئۇچۇن قالتىس دەۋردۇر. نىشانلىغانلىرىمىزدىنمۇ كۆپراقىغا ئېرىشەلەش ئۇچۇن بۇ دەۋردىكىدەك پۇرسەت ۋە ئىمكانلار باشقا دەۋرلەردە بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان كۆپ خىل تاللاشلارغا ئىگىمىز.

سىز كۈنىمىزدىكى باشقا كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئوخشاش يول تۇتسىڭىز، قىلىنىشى كېرەك بولغان كۆپلىگەن ئىشلارغا نىسبەتەن «ۋاقتىڭىزنىڭ پەقەتلا يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن دەرت ئېيتقۇچىلار» سېپىدىن ئورۇن ئالغىنىڭىز ئېنىق. قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزغا ۋاقتىڭىزنى يېتىشتۈرۈلمەي يۈرۈۋاتقىنىڭىزدا، زىممىڭىزگە يېڭى ئىشلار ۋە مەجبۇرىيەتلەر قات ـ قات يۈكلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، قىلىشىڭىز كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ تۈگىتەلمەيسىز، ھېچقاچان ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەيسىز. ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيىتىڭىزنى ھېچ تۈگىتەلمەيسىز، ھەتتا ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ كۆپۈنچىسىنى تۈگىتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

## مۇھىمنى تاللاپ قىلىش

دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، ھەر پەيت ئۇچۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشنى باشتا قىلىش ئۇچۇن تاللاش، ئاندىن ئۇ ئىشنى ھەم تېز، ھەم سۈپەتلىك ھالدا پۈتتۈرۈش قابىلىيىتىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشدا باشقا قابىلىيەتلىرىڭىزدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاۋۋال پۈتتۈرۈشى كېرەك بولغان مۇھىم ئىشنى بەلگىلەپ، ئۇنى تېزدىن پۈتتۈرگەن ئوتتۇرىھال بىر كىشى، جىق سۆزلەپ، ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزىدىغان، ئەمما بەك ئاز ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان بىر داھىيدىن نەچچە ھەسسە كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

## پاقا تونغرىسىدىكى ھەقىقەت

زامانىسىدا مارك تۇۋېين شۇنداق دېگەن ئىكەن: ھەر ئەتىگىنى تۇنجى ئىشىڭىز سۈپىتىدە بىر پاقىنى تىرىك پېتى يەۋەتسىڭىز، كۈنىڭىزنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىنى بېشىڭىزغا بۇنىڭدىنمۇ ناچار بىر ئىشنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ھالەتتە، راھەت شەكىلدە ئۆتكۈزەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىزنىڭ «پاقىڭىز» — سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىڭىز ياكى ئىشىڭىزدۇر. ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىز ئۈچۈن تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن ئىكەنسىز، مۇقەررەركى مۇھىم ئىشىڭىزنى كىچىكتۈرۈشكە يۈزلىنىسىز. ئەمما، شۇ پەيتتە قىلىشىڭىز كېرەك بولغان شۇ مۇھىم ئىشىڭىز دەل شۇ چاغدىكى ھاياتىڭىزغا ئىجابىي تەسىر ۋە نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ.

پاقا يېيىشنىڭ (يەنى مۇھىم ئىشنى قىلىشنىڭ) تۇنجى قائىدىسى «ئەگەر يېيىشىڭىز كېرەك بولغان ئىككى پاقا بولسا، ئەڭ سەت پاقىنى باشتا يەۋېتىڭ.»

بۇنى مۇنداق ئىزاھلايمىز. ئەگەر ئالدىڭىزدا ئىككى مۇھىم ۋەزىپە بولسا، ئىشنى ئەڭ تەس ۋە ئەڭ مۇھىم بولغىنىدىن باشلاڭ. ئۆزىڭىزنى ئىشنى دەرھال باشلاشقا ۋە ئۇ ئىشنى پۈتكۈزمەي تۇرۇپ باشقا ئىشقا ئۆتۈپ كەتمەسلىككە كۆندۈرۈڭ.

مۇشۇنىڭغا كۆنۈشنى ئۆزىڭىزنى ئۈچۈن بىر ئىمتىھان دەپ بىلىڭ. ئۇنى ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىش دەپ بىلىڭ. ئىشنى ئاسىنىدىن باشلاش تۇزىقىغا چۈشمەڭ. ئۆزىڭىزنىڭ قايسى ئىشنى تېزدىن پۈتتۈرۈشىڭىز، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى ئىشنى پۈتتۈرۈشىڭىز كېرەكلىكى توغرىسىدىكى قارارىڭىز كۈندىلىك ئەڭ مۇھىم قارارىڭىزدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ھەر قاچان ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

پاقا يېيىشنىڭ ئىككىنچى قائىدىسى شۇكى، «ئەگەر تىرىك پاقىنى پاك-پاكىز يەۋېتىشىڭىز كېرەك بولسا، ئۇ ھالدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ئۇ پاقىنى كۆزىتىشىڭىزنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.»

ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ئۆزىنى جارىي قىلدۇرۇشنىڭ ۋە ئۈنۈمدارلىق ئاچقۇچى — ھەر سەھەر ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىڭىزنى بەلگىلەشكە مەڭگۈلۈك كۆنۈشتىن ئىبارەت. پاقىڭىزنى يېۋەتمەستىن تۇرۇپ (ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىزنى قىلىپ پۈتتۈرمەي تۇرۇپ) باشقا ھەر قانداق ئىشقا قول تەقماسلىق، شۇنداقلا بۇنى مۇھىم ئىشىڭىزنى پۈتتۈرۈشكە بەك ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلماي پۈتتۈرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك.

يۇقىرى مائاش ئالىدىغان ۋە تېز يۈكسەلگەن ئاياللار ۋە ئەرلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، «قىلىشى كېرەك بولغان ئىشقا دەرھال كىرىشىش» بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىكەن. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر ئۆزىنى مۇھىم ئىشنى بىرىلىپ قىلغان ۋە ئۇ ئىشنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ، باشقا ئىشقا قول تەقىشتىن ئۇزاق تۇرغانلاردۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا، بولۇپمۇ سودا ساھەسىدە سىز مۇئەييەن، ئۆلچەملىك بولىدىغان نەتىجىگە ئېرىشىشىڭىزگە ئاساسەن ماتاش ئالىسىز. تاپاۋىتىڭىز قىممىتى بار بىر تۆھپىنى ياراتقىنىڭىزغا، بولۇپمۇ سىزدىن كۈتۈلگەن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرگىنىڭىزگە ئاساسەن مائاشقا ئېرىشىسىز.

بۈگۈنكى شىركەت ـ كارخانىلاردىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن بىرى «ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماسلىق»تۇر. ئۇلار توختىماي سۆزلەيدۇ، تۈگىمەس يىغىنلارنى ئۆيۈشتۇرىدۇ، قالتىس پىلانلارنى تۈزۈشىدۇ. ھالبۇكى، ئاقىۋەتتە پىلانلانغان ئىشنى ھېچ كىم قىلمايدۇ، كۆزلەنگەن نەتىجىمۇ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.

كىشى ئېرىشىدىغان نەتىجىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئۇنىڭ ئىش قىلىشتىكى ئادىتىگە باغلىق بولىدۇ. مۇھىم ئىشلارنى بەلگىلەش، ئىشنى كەينىگە سۈرەشتىن ساقلىنىش ۋە ئەڭ مۇھىم ئىشنى ھەممىدىن بۇرۇن قىلىش ئادىتى ھەم زېھنىي، ھەم فىزىكىلىق ئادەتلىنىشتۇر.

ئادەتلىنىش مەشىق قىلىش ۋە تەكرار قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىلىدۇ. بىر ئىشقا ئادەتلىنىشىڭىز ئۈچۈن تاكى ئۇ ئىش سىزنىڭ تەبىئىي ئىش ھەرىكىتىڭىزگە ئايلىنىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنى مەشىق قىلىشىڭىز ۋە تەكررا قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. مەشىق قىلىش ۋە تەكرار قىلىش باسقۇچىدىن كېيىن، سىز ئۆزىڭىز ئادەتلەنمەكچى بولغان ئىشنى ئاپتوماتىك ۋە قولاي ھالدا قىلىدىغان بولىسىز.

بىر ئىشنىڭ پۈتتۈرۈلۈشى كىشىلەرگە رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ.

قانداقلىكى بىر ئىشنى پۈتتۈرگىنىڭىزدە ئىچىڭىزدىن بىر ئېنىرگىيەگە ئېرىشكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. پۈتتۈرۈلگەن ئىش قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم بولسا ئۆزىڭىزنى شۇنچىلىك كۈچلۈك ھېس قىلىسىز ۋە ئۆزىڭىزگە شۇنچىلىك ئىشىنىسىز. مۇھىم بىر ئىشىڭىزنىڭ ھەل بولۇشى مېڭىڭىزدىكى ئىندورفىن ھورمۇنىنى قوزغىتىدۇ. بۇ ئىندورفىن ھورمۇنلىرى سىزنىڭ تەبىئىي يوللار ئارقىلىق رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا بولۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت  بىلەن تاماملىنىشىنى ئىزدەيدىغان ئىندورفىن دولقۇنى سىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىڭىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ۋە ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنىڭ تېخىمۇ بەك ئاشۇرىدۇ.

دېمەك، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم سىرلىرىدىن بىرى دەل مۇھىم ئىشنى ئاۋۋال قىلىپ پۈتتۈرۈشكە ئادەتلىنىشتۇر.

قالتىس ھاياتنىڭ كەسپىنى مۇۋاپىقىيەت بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنى قالتىس ھېس قىلىشىڭىزنىڭ يەنە بىرى، مۇھىم ئىشلارنى باشلىغاندىن كېيىن ئۇلارنى پۈتتۈرۈشكە ئادەتلىنىشتۇر. مۇشۇنداق قىلالىغىنىڭىزدا مۇئەييەن بىر كۆچكە ئېرىشىش ۋە مۇھىم ئىشلارنى تاماملاش سىز ئۈچۈن ئۇلارنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسانلىششقا باشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نيۇيورۇك كوچىلىرىدىن بىرىدە بىر مۇزىكانتنى توختىتىپ، كارنىچ سارىيىغا قانداق بارىدىغانلىقىنى سورىغان كىشىنىڭ ھېكايىسى مەشھۇردۇر. مۇزىكانت ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:«مەشىق قىل دوستۇم، مەشىق قىل.»

ھەممە ئۇستىلىق مەشىق قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. بىزنىڭ زېھنىمىزمۇ بەئەينى مۇسكۇللىرىمىزغا ئوخشايدۇ. زېھنىمىز ئىشلىتىلگەنسېرى كۈچلىنىدۇ، مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتنى ئۆگىنەلەيسىز ۋە بۇ ئادەتلىنىشنى تەرققىي قىلدۇرالايسىز.

بىر ئىشنى كىرىشىپ تۇرۇپ قىلىش ۋە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئادەتلىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،«قارار قىلىش، ئىنتىزام ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ ئىشقا ئېھتىياجىڭىز بولىدۇ.

ئالدى بىلەن ئىشىڭىزنى تاماملاش ئادىتىڭىزنى كۈچەيتىشكە قارار قىلىڭ. ئاندىن ئۆزىڭىز ئۆگەنمەكچى بولغان پرىنسىپلارنى مەشىق قىلىش جەھەتتە تاكى ئۇلارنى بىر باشقا ئېلىپ چىققانغا قەدەر ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئىنتىزام بەلگىلەڭ. ئاخىردا ئادەتلىنىش خاراكتېرىڭىزنىڭ مۇقىم بىر پارچىسى ھالىغا كەلگەنگە قەدەر، قىلغۇاتقان ھەر بىر ئىشىڭىزنى قەتئىيلىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇڭ.

ئۆز ئارزۇيىڭىزدىكى قولىدىن ئىش چىقىدىغان ئۈنۈمدار ئىنسان بولۇش يولىدىكى سۈرئىتىڭىزنى تېزلىتىش ئۈچۈن بىر ئالاھىدە ئۇسۇل مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ، ئىشنى ھەۋەس بىلەن قىلىشنىڭ، ئىشنى تېز باشلاپ تېز پۈتتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىشنىڭ پايدىسىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۆزىڭىزنى مۇھىم ئىشلارنى تېز ۋە مۇكەممەل پۈتتۈرىدىغان بىرى دەپ ئويلاڭ ۋە بۇ ئويىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. ئۆزىڭىز ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئىش ھەرىكەتلىرىڭىزدە چوڭ تەسىرى كۆرسىتىدۇ. سىز ئارزۇ قىلىدىغان كېلەچەكتىكى ئۆزىڭىزنى تەسەۋۋۇرىڭىزدا جانلاندۇرۇڭ. تەسەۋۋۇرىڭىزدا زاھىر بولغان كەلگۈسىدىكى ئۆزىڭىز سىزنىڭ ئىش قىلىشتىكى سۈپىتىڭىزگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. كەسپىي ناتىق جىم كاسكارت مۇنداق دەيدۇ :«زېھنىڭىزدە زاھىر بولغان سىز كەلگۈسىدىكى ئۆزىڭىز ھېسابلىنىسىز.»

شۇنى ئۇنۇتماڭكى، سىز يېڭى ئىقتىدار ۋە يېڭى قابىلىيەتلەرنى ئۆگىنىش شۇنداقلا ئۇنى كۈچەيتىش جەھەتتە چەكسىز قابىلىيەتكە ئىگە. ئىشلارنى ئارقىغا سۈرمەسلىك ۋە ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تېز پۈتتۈرۈش جەھەتتە مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا كۆندۈرگىنىڭىزدە ھاياتىڭىزدا ۋە كەسپىڭىزدە قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرىسىز.

«ئۇ پاقىنى يەڭ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# پەرزەنت تەربىيىسى:
# بالىلارنىڭ يىغلىشىنى چۈشىنىش

ئەلسا سولتېر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

# پەرزەنت تەربىيىسى: بالىلارنىڭ يىغلىشىنى چۈشىنىش

ئەلىسا سولتېر

تەلەپلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئىپادىلەشكە باشلىغان كىچىك بالىلارنىڭ يەنىلا يىغلاۋېرىشى ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن تولىمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش. يىغلاش ئارقىلىق ئېھتىياجىنى بىلدۈرۈش بوۋاقلارغا خاس ئىش بولۇپ، بوۋاقلار يىغلىسا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلالايدۇ.

يىغلاش ھەقىقەتەنمۇ بوۋاقلارنىڭ ئالاقىلىشىش يوللىرىدىن بىرى بولۇپ، بوۋاقلارنىڭ يىغلىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى ئىپادىلەش يوللىرىدىن بىرىدۇر. بوۋاقلارنىڭ يىغلىشىنىڭ ئادەتتە قوبۇل قىلىنمايدىغان ئىككىنچى سەۋەبىمۇ بار. بۇخىل يىغلاش پۈتۈن ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلغان بوۋاقلاردا كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچىسى كەچكە يېقىن يىغلاشقا باشلايدۇ باشلايدۇ ۋە يىغلىشى سائەتلەرچە داۋاملىشىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلغان ھېچبىر ئىشىنىڭ بۇ يىغلاشنىڭ توختىتىشىغا تەسىرى بولمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بۇنداق يىغلاشلار، ئاتا ـ ئانىلارنى ئەنسىرىتىدۇ ۋە ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا بوۋاقنى خۇشال قىلىشنىڭ ھېچبىر يولى يوقتەك كۆرۈنىدۇ.

مۇنۇ رېئاللىق ھەيران قالارلىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، بوۋاقلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى راھەتسىز قىلىدىغان كەچۈرمىشلىرىنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ياخشىلايدىغانلىقى ئۈچۈن، بوۋاقلاردىكى بۇ خىل سەۋەبسىز يىغلاش ئەسلىدە ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق. بوۋىقىغا ئەڭ زور چەكتە ياخشى قارايدىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بوۋاقلىرىدىمۇ بىرمۇنچە ئازابلىق ھېس تۇيغۇلار شەكىللىنىدۇ. بوۋاقلاردىكى بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇلار ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش جەريانىدا ئۇچرىغان زەربىلەر، ئۇمىدسىزلىك، ياكى چەكلىك چۈشەنچىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئاڭقىرالماسلىق قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

بوۋاقلارنىڭ سەۋەبسىز يىغلىشى كۆپۈنچە ئەھۋالدا يۇقىرىقىدەك ئازابلىغۇچى ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ بوۋاقلاردىن چىقىپ كېتىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىرسىم يېنىكلىتىش مېخانىزمىدۇر. («ئاڭلىق بوۋاق» ناملىق كىتابىمىدىن بوۋاقلاردا كۆرۈلىدىغان بۇ خىل يىغلاشلارغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي مەلۇماتلارنى كۆرەلەيسىز.)

بوۋاقلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى بىلدۈرۈش چارىسى ھېسابلانغان يىغلاشنىڭ ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا سۆزلەش ئالىدۇ. سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتقان بالا قورسىقى ئاچقاندا (بوۋاقلىق دەۋرىدىكىدەك) يىغلاشنىڭ ئورنىغا، يېمەكلىك تەلەپ قىلىشنى؛ مۇنچىنىڭ سۇيى سوغۇق بولۇپ قالسا، «سوغۇقكەن» دېيىشنى

ئۆگىنىدۇ. شۇڭلاشقا، سۆزلەشنى ئۆگەنگەن بالىلاردا بوۋاقلىق دەۋرىدىكىدەك يىغلاش ئېھتىياجى يوقاپ كېتىدۇ.

ئەمما، (شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى) ئازابلارنى يەڭگىللىتىش مەقسىتى قىلىنغان، (بىز «سەۋەبسىز يىغلاش» دەپ قارايدىغان) يىغلاشلارنىڭ ئورنىنى سۆزلەشنىڭ ئالالىشى (گەپ قىلالايدىغان بالىلار ئۈچۈنمۇ) مۇمكىن ئەمەس. بالىلار گەپ قىلىشنى ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇقمۇ، كۆڭلىدىكى بىئارامچىلىقلىرىنى ۋە ئۈمىدسىزلىكلىرىنى يېشىش ئۈچۈن يىغلاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، «دادام تۇغۇلغان كۈنۈمگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم» دېيىشنى، يەنى ھېس-تۇيغۇلىرىنى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ئۆگىنەلەيدۇ، ئەمما، گەپ قىلىشنى ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇقمۇ بالىلار ئۆزىنى بىئارام قىلىدىغان كەچمىشلەرنىڭ تەسىرلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن، يىغلاش، ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ئازابلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

گەپ قىلالايدىغان بالىلاردىكى يىغلاشنىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتى بەكمۇ خاتا چۈشىنىلىپ كەلگەن. يىغلاشنى ئازاب چېكىش بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇۋالىدىغان خاتا چۈشەنچە مەۋجۇت بولۇپ، ئاتا-ئانىلار «بالام يىغلاشتىن توختىغىنىدا كەيپىياتى ياخشى بولغان بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچىگە ئىشىنىدۇرۇلگەن. ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. بالىلاردىكى يىغلاش ئۇلارنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇش جەريانىدۇر. بالىلار كۆز يېشى تۆكۈش ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمىگۈچە، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلالمايدۇ.

بالىلاردىكى يىغلاش ۋە ئاچچىقلىنىش ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن يېزىلغان كۆپىنچە كىتابلارنىڭ ئىنتىزامچانلىق بۆلۈمىدىكى ئۇرۇش، چىشلەش، سەت گەپ قىلىش، يالغان سۆزلەش ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىۋېلىش دېگەندەك «مەسىلىلەر» بىلەن بىر قاتارغا قويۇلغان. ھەقىقەتتە، بالىلار بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە روھىي ساغلاملىقنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولغان يىغلاش ۋە ئاچچىقلىنىشقا يۇقىرىقى كىتابلاردىكىدەك مۇئامىلە قىلىنىشى كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ. ئەسلىدە ، بالىلاردىكى يىغلاش ۋە ئاچچىقلىنىش كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلاردىكى «ناتوغرا ئىش-ھەرىكەتلەر»نىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ياكى ياخشىلاشتىكى ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر.

### بالىلارنىڭ يىغلىشى نېمىشقا زۆرۈر؟

كىچىك بالىلارنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن بىسىم مەنبەسى بار. بۇ بىسىم مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسى يىغلاش ئېھتىياجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپۈنچە ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى بىلگەن تەقدىردە، ئۇلارنىڭ يىغلىشىنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، كىچىك بالىلار دائىملا نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتىن باشقا ئامالى بولماي قالىدۇ. بالىڭىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن يىغلايدىغانلىقىنى بىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھىم بولغىنى بالىنىڭ يىغلىشىنى قوبۇل قىلىشىڭىزدۇر. يىغلاشنىڭ سەۋەبى مەيلى سۆزلەنسۇن، مەيلى سۆزلەنمىسۇن، يىغلاش بالان ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

بەزى ھاللاردا بالىلىرىمىز ئۇچرىغان بىسىمغا ئۆزىمىز سەزمەستىنلا بىز ئاتا-ئانىلار، ياكى باشقا چوڭلار سەۋەب بولىمىز. ھېچبىرىمىز مۇكەممەل بىر ئاتا-ئانا ئەمەسمىز. ھەر-بىرىمىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ قىلمىشلىرىغا تاقەت قىلالماي قالىدىغان، بالىلاردىن سادىر بولغان بەزى قىلىق ياكى ئىش-ھەرىكەتلەرنى تولىمۇ بىمەنە دەپ ئويلاپ، (ئۇيغۇنسىز ھەرىكەتلەردە بولۇپ قالىدىغان) ۋاقىتلىرىمىز بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىمىزنىڭ سەۋەبى ھەممىمىزنىڭ بالىلىقىمىزدىكى تەسىراتلارنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىمىز، ھېچقايسىمىزنىڭ بالىلىقىمىزدا ھېچ بولمىغاندىمۇ بىرەر تۈرلۈك ئازابلىنىشتىن ياكى بېسىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانلىقىمىزدىندۇر. بارلىق ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزلىرى بالىلىق دەۋرىدە ئۇچرىغان مۇئامىلىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىدۇ.

كېيىنكى بەتلەردە بالىلارغا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان ۋە بېسىم پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرنى ئوقۇغىنىڭىزدا، بالىڭىزغا قىلغان مۇئامىلىلىرىڭىز سەۋەبلىك گۇناھكاردەك ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئۆزىڭىزنىڭ بالىلىقىڭىزنى ۋە سىزنىڭ قانداق ئازار يېگىنىڭىزنى ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ. سىز ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق شەكىلدە ئازار يېمىگەن بولسىڭىز، بالىڭىزنىڭ ئازابلىنىشىغا سەۋەب بولمىغان بولاتتىڭىز. بۇ سەۋەبلىك ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداقلا، كىچىك بالىلاردا بېسىم پەيدا قىلغان نۇرغۇن ئىشلارغا ھېچكىم بىۋاستە سەۋە بولمايدۇ. بۇلار مۇقەررەر ئۆمىدسىزلىكنىڭ ۋە مۇكەممەل بولمىغان بىر دۇنيادا ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. بالىلارنىڭ ئۆتمۈشتە ياشىغان ئۆمىدسىزلىك ۋە ئازابلارنى ئۆزلۈكىدىن ساقايتالايدىغانلىقىنى بىلىڭ. شۇنداقلا، بالىڭىز دۇچ كەلگەن ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنىڭ — بۇ خىل كەچۈرمىشلەرنىڭ بەزىلىرىگە بىلىپ بىلمەستىن ئۆزىڭىز سەۋەب بولغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن — تەسىرلىرىنى يېڭىپ چىقىشىدا، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىڭىزنىمۇ ئۇنتۇماڭ.

<u>باشقىلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئازابلار</u>

بۇ ئۆزىنىڭ ئازابىنى، غەزىپىنى، بەختەرسىزلىكى ياكى ئەندىشىلىرىنى سىرتقا ئىپادىلىگەن چوڭلارنىڭ (ياكى چوڭ ياشتىكى بالىلارنىڭ) كىچىك بالىلارغا قىلغان يامان مۇئامىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان ئازابلاردۇر.

بالىلارغا ئەڭ چوڭ ئازاب بېرىدىغىنى جىسمانىي ۋە جىنسىي جەھەتتە ناچار مۇئامىلە قىلىشتۇر. ھاراق ئىچىدىغان ئاتا-ئانا بىلەن بىللە ياشاشمۇ بالىلارغا بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. تىللىنىش، مەسخىرە قىلىنىش، كەم سۇندۇرۇلۇش، خىجىلچىلىقتا قويۇلۇش، سوئال-سوراقتا تارتىلىش، كەمسىتىلىش، تەنقىدلىنىش، پەس كۆرۈلۈش ۋە ئەيىبلىنىش قاتارلىقلار بالىلارنى ئازابلايدۇ.

بالىلار ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغىنىدا، ھاياتى ھەددىدىن زىيادە كونترول قىلىنىۋېلىنغاندا ياكى ھە دېسىلا باشقۇرۇۋېلىنغاندا بالىلارنى ئازابلىق تۇيغۇلار چۇلغىۋالىدۇ. جازاغا تارتىلىش بالىلارنى قايغۇغا سالىدۇ، جازاغا ئۇچراش سەۋەبلىك بالىلار (ئاتا-ئانام) «مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن تۇيغۇغا كېلىۋالىدۇ ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

كىچىك بالىلار ھەمىشە بىپەرۋا، كەمپىسىز، تاقەتسىز، يېڭىلىقتا تەلپۈنگۈچىدۇر. ئاسانلا قورقۇشقا، دائىملا شاۋقۇن چىقىرىشقا مايىلدۇر. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشى ئاسان ئەمەس. ئەگەر بالىلار بۇ قىلىقلىرىغا قارىتا شەپقەتلىك ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشنىڭ ئورنىغا قوپال، خالىمىغان، خىجىللىققا سالىدىغان، تاقەت قىلالمىغان، ئاچچىقلانغان قاتارلىق قايسى بىر ئىنكاسنى كۆرسە ئۆز كىملىكىنىڭ بىر قىسمى قوبۇل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كەمسىتىلگەندەك ۋە ئازارلانغاندەك ھېس قىلىدۇ. خېلى كۆپ بالىلار تەبىئىي قىلىقلىرىنى بېسىشقا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش مەقسىتى بىلەن ئۆز تەبىئىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما پەقەت پاكىز، رەتلىك، تەمكىن، شاۋقۇنسىز ۋە سەبىرچان بولغىنىدا ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىدىغان بالىلار ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى كۆرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاتا-ئانىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇئامىلىلەرىنىڭ ھەممىسى ئادەتتە ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان ۋە «ئىنتىزام» ياكى «تەربىيە قىلىش» مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يوللۇق كۆرسىتىلىدۇ ۋە بالىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇچرىغان ناچار قىلمىشلارنى ئىپادىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ (مىللېر، 1984).

ياخشى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، بالىلار باشقىلارنىڭ مۇئامىلىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازابلارغا يىغلاش ۋە ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ئۇ ئازابنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۆزىكى ئازابىنى بۇ ئارقىلىق يوقىتىدۇ.

## سەل قاراشتىن كېلىپ چىققان ئازابلار

www.uyghurkitap.com

بالىلاردا كۆرۈلىدىغان بۇ خىل ئازاب بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان چوڭلارنىڭ بالىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە مۇئامىلە قىلماسلىقى سەۋەبلىك بالىنىڭ ئېھتىياجلىرىنىڭ قاندۇرۇلمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بەزىدە كىچىك بالىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش ۋە ئۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش تەسكە توختايدۇ. ئېھتىياجى بولغان ۋە بۇ ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان بالا ھېسسىيات جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ ۋە خۇيى تۇتۇپ قالىدۇ. بالىلار باشقىلارنىڭ مۇئامىلىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازابلارغا يىغلاش ۋە ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ئۇ ئازابنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغىنىدەك، سەل قاراشتىن كېلىپ چىققان ئازابلىنىشقىمۇ يىغلاش ۋە ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى ياخشىلىيالايدۇ.

باللىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئاساسلىق ئېھتىياجلار يېتەرلىك ئوزۇقلىنىش، مۇھەببەتكە ئېرىشىش ۋە كۆپ قۇچاقلىنىپ، باغرىغا بېسىلىش قاتارلىق جىسمانىي يېقىنچىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بالىلار يەنە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ھېسسىياتىغا قىزىقىدىغان ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالايدىغان ، ئۇلارغا ئىخلاس قىلىدىغان ، ئۇلارغا ئىشىنىدىغان ۋە سوئاللىرىغا سەمىمىي جاۋاب بېرەلەيدىغان چوڭلارغا (ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا) بەكمۇ موھتاج. ھەر بىر بالا ھەر كۈنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە بالا «ماڭىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ» دەپ قارايدىغان چوڭلاردىن بىرى بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئېھتىياجلىقتۇر.

بالىلار غىدىقلىغۇچى بىر مۇھىتتا، ئۆزىگە خوجا بولۇش پۇرسىتىگە ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۆز پىكرىنىڭ قوبۇل كۆرۈلۈشىگە ئېھتىياجلىق. شۇنداقلا، چوڭلارنىڭ دۇنياسىغىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئارىلىششقا ئېھتىياجلىقتۇر. بالىلار ئويۇن ئوينايدىغان بوشلۇقتا، ئويۇن ئويناش ئەركىنلىكىگە، ھەمدە باشقا بالىلار بىلەن، ئۆزىگە شەپقەت كۆرسىتىدىغان چوڭلار بىلەن ئالاقە قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق. كىچىك بالىلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان، ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولىدىغان، ھېسسىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە ئۆزىگە ھەمدەم بولىدىغان چوڭلارنىڭ يېنىدا بولۇشقا موھتاج.

بالىلارنىڭ بۇ ئېھتىياجلىرىغا سەل قارالغان، بۇ ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلمىغان تەقدىردە، ئۇلار يىغلاش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ.

## شارائىتتىن كېلىپ چىققان ئازابلار

بۇ بالىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئازابلاردۇر. بالىلارنىڭ بۇ خىلدىكى ئازابلىرىغا ھېچكىم سەۋەب بولغان ئەمەس. مەسىلەن، كېسەللىك ياكى زەخىملىنىشتىن كېلىپ چىققان بىئاراملىق ۋە ئازابلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ئۇزۇن مۇددەت يوق بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئازاب مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ جېدەللىششى ياكى ئاجرىشىشىمۇ بالىلارنى گاڭگىرىتىشى ۋە قورقۇنچ ھېس قىلدۇرۇشى

مۇمكىن. باللار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈملۈك بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى، زوراۋانلىققا شاھىت بولۇشى ياكى ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ئاڭلىشىمۇ ئۇلارنىڭ قورقىشىغا ۋە گاڭگىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ. (بۇ ئىشلار سەۋەبلىك باللار تاشلىۋېتىلىشكە، زەخىملىنىشكە، ئۆلۈشكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا نۇرغۇن ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆزلىرىدە قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىكى دۆلەتلەردىكى باللار ئۈچۈن دائىملىق بېسىم مەنبەسى ھەر ۋاقىت پارتىلىتىلىشقا ئۇچراش ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچىدۇر. ئوت ئاپىتى، كەلكۈن، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرمۇ باللارنى قورقىتىدىغان ۋەقەلەردۇر. ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىدىكى تۇرمۇش شارائىتىمۇ كۆپلىگەن باللار ئۈچۈن بېسىمنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. ئادەم سانى كۆپ ئۆيلەر ۋە ئۇلار تۇرۇۋاتقان رايوندىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىمۇ باللارنىڭ ئەندىشە سەۋەبىدۇر. بوران ـ چاپقۇن ياكى ئېتىنىڭ قاۋىشىغا ئوخشاش زىيانسىز ھادىسىلەر، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ كىچىك باللار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن.

بېقىۋېلىنغان باللار بېقىۋالغان ئائىلىگە يۆتكەلگىنىدە يېڭى ئائىلىسى قانچىلىك شەپقەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گاڭگىراش، غەزەبلىنىش ۋە قايغۇلىنىش قاتارلىق ھېسلاردا بولىدۇ. يېڭى ئۆيگە كۆچۈش، يېڭى مەكتەپ يۆتكىلىش ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرسىنىڭ قايتا توي قىلىشى قاتارلىق تۇرمۇش ئەندىزىسىدىكى ئادەتتىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ كىچىك باللارغا بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. باللىنىڭ ئۆكسىنىك تۇغۇلۇشىمۇ ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، بالا ئۈچۈن بېسىم مەنبەسىدۇر.

كىچىك باللارنىڭ بىلىمى ۋە ماھارىتىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئۇلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئۈمىدسىزلىك ۋە ئازابلارغا دۇچار قىلىدۇ. باللار چوڭلار قىلغان ئىشلارنى دوراپ قىلىشقا ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ماھارىتى ياخشى يېتىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى چەكلىك بولغاچقا، ئۇلاردا خاتا چۈشەنچىلەردە بولىدۇ. ھەممە ئىش ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۈمىدىگە ئاساسەن يۈز بەرمىگەندە، ئۇلار ئېرىشىدىغانمۇقەررەر نەتىجە — ئۈمىدسىزلىك بولىدۇ. سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكى ۋە كۈچىنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن، ئانىسىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىشى ياكى ئاغرىپ قېلىشىغا ئوخشاش ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان ۋەقە ھادىسىلەردىمۇ ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىدۇ.

بوۋاقلىق دەۋرىدىن قالغان ئازابلار

كۆپلىگەن باللار باللىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئازارلىنىشقا قوشۇلۇپ بوۋاقلىق دەۋرىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئازابلىق كەچۈرمىشلەر ياكى ئېھتىياجلىرىنىڭ ئورۇندالماسلىقى سەۋەبلىك ئۆزىدە

جۇغلانغان ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىكنى كۆتۈرۈپ يۈرىشىدۇ. بوۋاقلار ئازارلىنىشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەلەردىن قىسقا مەزگىل كېيىن ئۆز ـ ئۆزىنى ياخشىلىۋالالايدۇ. بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇش جەريانى ئۇنىڭغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق كەچۈرمىش بولغان بولسا، ئۇنىڭ نورمال ئىنكاسى يىغلاش ئارقىلىق ئۆزىنى تەڭشەشكە ئۇرۇنۇش بولىدۇ. ئەمما، ئاتا ـ ئانىسى بوۋاقنىڭ يىغلاش ئېھتىياجىنى چۈشەنمىسە، ئۇلار بوۋاقنىڭ دىققىتىنى چېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يىغىسىنى توختىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بوۋاقنى تەۋرىتىدۇ، ئاستى ئۈستى قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ياكى ئىمزىگە بېرىدۇ. بەزىدە ئاتا ـ ئانىلار سەبر ـ تاقەت قىلالمىغانلىقى سەۋەبلىك ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ تەۋسىيىسىگە ئەگىشىپ بوۋاقنى كارۋىتىدا يىغلىشىغا تاشلاپ قويىدۇ. بۇ توغرا چارە ئەمەس. بۇ بوۋاقنىڭ يىغلىشىغا سەۋەپ بولىدىغان يېڭى ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچىقا سەۋەب بولىدۇ. بوۋاقلار يىغلىغاندا شەپقەتلىك بىر كۆيۈنۈشكە ۋە جىسمانىي يېقىنچىلىققا موھتاج بولىدۇ. بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلاردىن باشقا بوۋاقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئازاب مەنبەسى ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلماسلىقى، ئۈمىدسىزلىنىش ۋە ھەددىدىن زىيادە باشقۇرۇلۇشقا ئۇچراشتۇر. بولۇپمۇ دەسلەپكى ئايلاردا بوۋاقنىڭ كۈندە بىر سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىغلىشى ھەيران قالغۇدەك ئەھۋال ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بالىڭىزنىڭ يىغلىشىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى گۇناھكاردەك ھېس قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ كېيىنكى يىللاردا يىغلاش ئارقىلىق بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەر يىغلاش ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئازابلىرىنىڭ ساقىيىش جەريانىنى باشلىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ ھەممىسى بالىڭىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە، ھەتتا يىللار كېيىن يىغلىشىغا سەۋەب بولۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە. بالىڭىز ئەسلىدە سەۋەبسىز يىغلىمايدۇ، بەلكى — ھېچقانداق ئاغرىق، ئاچلىق ياكى باشقى جىسمانىي بىئارامچىلىققا ئۇچرىمىغان تەقدىرىمۇ، يۇقىرىقىدەك ۋەياكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى يىغلايدۇ. ئۇلارنىڭ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى چۈشەنسىڭىز — يۇقىرىدا بۇلارنى بايان قىلدۇق — بالىڭىزغا تېخىمۇ توغرا، كەڭ قورساق ۋە شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ساغلام روھىي ھالەتكە قايتالىشى ئۈچۈن ھەمدەمدە بولالايسىز.

«بالىڭىزغا قۇلاق سېلىڭ» ناملىق كىتابتىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا بىر نەزەر

شان روبېرتس

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا بىر نەزەر

شان روبېرتس

خىتاي گەرچە ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا خىتاينىڭ ئايرىلماس قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شەرھلەپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ سېپى ئۆزىدىن ساختىپەزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.(10) ئەمەلىيەتتە، كۈنمىزدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ رايون ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە خىتايدىكى خاندانلىقلار بىلەن ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن ئىمپېرىيىلەر بىلەنمۇ بىلەن ئوخشاشلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. شۇنداقلا، مەزكۇر رايون ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆز تېپىدىكى ئىمپېرىيىلەرنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. تارىخنى توغرا رەۋىشتە تەكشۈرگەندە شۇ نەرسە ئايدىڭ بولىدۇكى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ زېمىن پەقەتلا 1750-يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بۈگۈنكىدىنمۇ چوڭ تېررىتورىيىگە ئىگە خىتاينىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. شۇنداقلا، چىڭ سۇلالىسى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ بىر ئۆلكىسى دەپ ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، بۇ رايون ھازىرقىدىنمۇ چوڭ بولغان خىتاي تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى بويسۇندۇرغان تۈنجى ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان. نۇرغۇن ئىمپېرىيىلەر ئۆزى ئىگىلىۋالغان رايونلارنى ئۆز زېمىنىمىز دەپ داۋا قىلغىنىغا ئوخشاش، خىتايمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى ئۆز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى دەپ تۇرۇۋالىدۇ. خىتاي بارا-بارا زامانىۋى دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاقىۋەتتە ئۇنى خىتاي مىللىي دۆلىتىنىڭ ئاساسى قىلىپ چىقتى. ھالبۇكى، چىڭ سۇلالىسى دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىنى بۇ رايوننى ئۆزىدىن ئىلگىرى بويسۇندۇرغان جۇڭغارلاردىن قىسمەن پەرقلىق، ئومۇمىي جەھەتتىن جۇڭغارلارغا ئوخشاش ھالەتتە كونترول قىلغان. چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى قىسمىدا ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيە قاراۋۇلخانىسىنى قۇردى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى قوماندانلىق ئورنىنى بۇ رايوننى ئۆزىدىن ئىلگىرى باشقۇرغان، بۈگۈنگىچە جۇڭغارىيە دەپ ئاتالغان ئىمپېرىيەنىڭ مەركىزى بولغان شىمالىي رايوندا قۇردى.(11) بۇنىڭدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى دەپ ئاتالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى بويسۇندۇرغاندا،

جوڭغارلارنىڭ قىلغىنىدەك، بۇ رايوننى دەسلەپتە مۇشۇ رايوننىڭ سەرخىللىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئىدارە قىلدۇ. (12)

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى هاكىمىيىتى — ئۆتمۈشنىڭ داۋامى

چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى ئىشغال قىلىش بىلەن بۇ رايوننىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى هۆكۈمرانلىرى بولمىش جوڭغارلارنى تامامەن كۆزدىن يوقاتتى. شۇنداقلا، بۇ رايوننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈنىغا سوزۇلغان هەربىي هەرىكەت يۈرگۈزدى. 1759 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننىڭ هۆكۈمرانى سۈپىتىدە جوڭغارلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. شۇنداقلا، كۆپ جەھەتلەردە جوڭغارلارنىڭ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلىنى قوللاندى. چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بازىسىنى بۈگۈنكى غۇلجا شەهرىگە يېقىن بولغان، جوڭغارلارمۇ مەركەز قىلىپ قوللانغان (كۈرە دېگەن جاي)غا قۇردى. چىڭ سۇلالىسى جوڭغارلارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، تارىم ئويمانلىقىدىن كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان خەلقنى ئۆزى بازا قىلغان شەهەرنى قۇرۇش ۋە خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. (13) شۇنىڭدەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك ئەجدادى ياشىغان تارىم ئويمانلىقىنى باشقۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، جوڭغارلارغا ئوخشاش هالدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كۈندىلىك مۇهىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان يەرلىك باشچىلار هېسابلانغان بەگلىك سىستېمىسى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرىنچى ئەسىردىكى هۆكۈمرانلىقى ئۆز دەۋرىدىكى ياۋروپالىق مۇستەملىكىچى كۈچلەرگە ئوخشاش ئۆزى قول قىلغان خەلق هەققىدە هۆججەت قالدۇرۇش مايىللىقىغا ئىگە هوقۇق سىستېمىسىدىن مەنپەئەت ئالاتتى. بىراق، هەقىقىي مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ فىزىكىلىق جەھەتتىن مۇستەملىكە قىلىنىشى دەپ قارىمايمىز. چىڭ سۇلالىسى پەقەت شەرقىي تۈركىستانغا قۇرغان هۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىلا هەقىقىي رەۋىشتە تۇتۇپ تۇرالىغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن نوپۇسى پەقەت مانجۇلار ۋە مۇڭغۇللاردىن تەشكىل تاپقان ئەسكەرلەر ۋە ئەمەلدارلاردىنلا ئىبارەت بولغان. تاجاۋۇزچى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئادەملىرى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلغان. مۇشۇ سەۋەبلىك، تارىخچى رىيان تۇم (Rian Thum) شەرقىي تۈركىستاننىڭ

ئەھۋالىنى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ ئەمەس، «مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئارمىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بېقىندى دۆلەت» دەپ قارىغان.

چىڭ بۇ رايوندىكى قاراۋۇلخانىلارنى پەقەت كۆپىنچىسى مانجۇ ۋە موڭغۇللار رەھبەرلىكىدىكى ھەربىي خادىملار ۋە باشقۇرغۇچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، رايوندىكى بويسۇندۇرغۇچى كۈچ ۋەكىللىرىنىڭ سانى يەنىلا ئاز بولغان. بۇ سەۋەبتىن، تارىخشۇناس ريان تۇم (Rian Thum) ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئورنىنى ئىمپېرىيەنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى «مانجۇ ھەربىي كۈچلەر باشقۇرىشىدىكى بېقىندىلىق» دەپ ئاتىغان.(14)

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئورنىنىڭ بۇ خىلدىكى مۆجمەللىكى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. چىڭ ئوردىسى بۇ رايوننى كونترول قىلىشقا كېتىدىغان ئىقتىسادىي بېسىمغا قارىتا 1820 ـ يىللاردا چىڭ سۇلالىسى تارىم ئويمانلىقىنى كونترول قىلىشقا داۋاملىق مەبلەغ سېلىش كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن مەزمۇندا تالاش تارتىشتا بولدى.(15) نەتىجىدە، 1860 ـ يىللاردا ئالدى بىلەن گەنسۇدا، كېيىن تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغارىيەدە بىر قاتار چوڭ ئىسيانلار قوزغالغان، چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوننىڭ كونتروللۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنسىز ئېنېرگىيە سەرپ قىلىشنى خالىماي، ئاقىۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىن تەلتۆكۈس چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

كۆپىنچە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى بۇ قوزغىلاڭلارنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى تارىخىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما توپىلاڭچىلاردىكى كۆپ مىللەت ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى توغرا دەپ قارا تەسكە توختايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ دەۋرلەردە بۇ يەردە قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ۋادىسىدىن كەلگەن، تارىم ئويمانلىقى بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋىتى بولمىغان ياقۇپ بەگ رەھبەرلىك قىلغان.(16)

چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ بۇ رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بەرپا قىلماقچى بولدى. ئەمما شىمالدا ئىلى سۇلتانلىقى دەپ ئاتالغان ئايرىم مۇستەقىل دۆلەت بار بولۇپ، ئۇلار ئومۇمەن ئىلگىرىكى چىڭ سۇلالىسى ھەربىي بازا قىلغان رايونلارنى كونترول قىلىپ تۇرغان ئىدى. چاررۇسىيە ئۆزىنىڭ رايوندىكى كۈچىنىڭ يىمىرىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشىلىنەتتى. شۇ ۋەجىدىن، چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئىلى سۇلتانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، سۇلتانلىققا تەۋە ئىلى ۋادىسىدىكى تېررىتورىيىنى ئىشغال قىلىۋالدى. رۇسلار بۇ رايونغا ئاران ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، چىڭ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوننىڭ كونتروللۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى جار سالغان بولسىمۇ،

رۇسلارنىڭ قىلمىشى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى چىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىغاندا مۇستەملىكىچىلىككە تېخىمۇ ئوخشايدىغان بولۇپ، رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە مەڭگۈلۈك تۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆز تەسىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا كۆچىگەن.

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتقان چىڭ ئىمپېرىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا قايتا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش، كىرمەسلىك توغرىسىدا ئۆز ئىچىدە كەسكىن بەس-مۇنازىرە ئېلىپ باردى. (17) ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستاننى قايتا ئىشغال قىلىش پىكرىدىكىلەر غەلىبە قىلىپ، 1876-يىلى بۇ رايوننىڭ شىمالىغا ھەربىي ھەرىكەت باشلىدى. 1880-يىلغا كەلگەندە، چىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى چاررۇسىيە كونتۇروللۇقىدىكى بىر قىسىم جايلاردىن باشقا رايونلارنى قايتىدىن ئىگىلىۋالدى. 1881-يىلغا كەلگەندە، سانت پېتربۇرگ شەرتنامىسى بويىچە، چاررۇسىيە ئۆزى ئىگىلىۋالغان زېمىننىڭ كۆپ قىسمىنى چىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.(18)

قانداقلا بولمىسۇن، روسىيە غۇلجا رايوننى ئون يىل ئىشغال قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋەتىنىگە ۋە ئۇنىڭ نوپۇسىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاسارەتلەرنى قالدۇردى. بۇ شىمالىي رايوندىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قايتۇرۇلۇپ بېرىلگەن ئېلى جىلغىسىنىڭ چاررۇسىيە كونتروللۇقىدىكى چېگراغا يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. بۇ جايلار ھازىرقى قازاقىستاننىڭ بىر قىسمىدۇر.(19) بۇ خىتاي كونتروللۇقىدىكى تېررىتورىيە چېگراسىدا زامانىۋى دەۋردە تەسىر كۆچىگە ئىگە ماھىيەتلىك ئۇيغۇر نوپۇسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى مۇستەملىكىچىلىكى ۋە «شىنجاڭ»نىڭ بارلىققا كېلىشى

چىڭ ئىمپېرىيىسى 1881-يىلى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان رايوننى رەسمىي قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننى ئىمپېرىيىنىڭ ھەممە تېررىتورىيىسى بىلەن بىر قاتاردا باشقۇرۇش ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى ئەمەلدارلىرى بۇ رايوننىڭ باشقۇرۇشنى تېزدىن ئىسلاھ قىلدى. 1884-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا رەسمىي ھالدا «شىنجاڭ« (يېڭى چېگرا) دېگەن ئۆلكە نامىنى بەردى.(20) بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزى ئۆزگىرىۋاتقان بىر پەيتتە يۈز بەردى. بۇ دەۋرلەردە چىڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن زامانىۋى دۆلەتچىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭ ئوردىسىدا خىتاي مىللىتىدىن بولغان ئەمەلدارلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەۋاتاتتى. شۇ ۋەجىدىن، چىڭ سۇلالىسى يېڭى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خەلقنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتۇشنى ئارزۇلايدىغان خىتايلارنى ئاساس قىلغان، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان مىللىي دۆلەتنىڭ ئاساسىنى قۇرماقتا ئىدى. مۇشۇ جەرياننىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندا بىر قانچە جايدىن باشقا يەردە بەگلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بەگلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش سېستىمىسىنىڭ ئورنىنى خىتاي ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق باشقۇرۇش سېستىمىسى ئالدى. يەرلىك خەلق، يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالىلەر بىلەن كۆۋرۈك بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سابىق بەگلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىمتىيازلىرىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چۈشۈرۈلۈپ، خىزمەتچى سۈپىتىدە ياللاپ ئىشلىتىلدى.(21)

چىڭ شۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقنى مۇشۇ شەكىلدە ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يەرلىك خەلقنى، ئەڭ كەمدە ئۇلارنىڭ سەرخىللىرىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئەڭ ھالقىلىق تەرىپى مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولغان خىتاي تىلىدا مائارىپ تورى قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. قايتا تاجاۋۇزچىلىقنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى زو زوڭتاڭ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئۆزگە خاس ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ خىتايچە يولىمىزدا ئاسسىمىلاتسىيە قىلماقچى بولساق، چوقۇم ھەقسىز مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، مۇسۇلمان بالىلارغا (خىتايچە) كىتابلارنى ئوقۇشىمىز، خىتايچە خەتنى تونۇتۇشىمىز ۋە خىتايچە گەپنى چۈشىنەلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك.»(22)

مەكتەپلەر ئوقۇش ۋە يېزىشتىن باشقا، كۆزى ئىدىيىسىنى ئىمپېرىيەنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىدېئولوگىيىسى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، خىتاينىڭ باشقا يېرىدىكىگە ئوخشاشلا، ئاتالمىش شىنجاڭدا غەربنىڭ ئىلىم ـ پەن چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى كۆڭزىچىلىقنى ئاساس قىلغان مائارىپ سىستېمىسى ئالدى. لېكىن، يەرلىك خەلقنى ئۆزگەرتىشتە ياكى مۇپەلىپ مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىنى جەلب قىلىشتا مەيلى كۆڭزىچىلىق سېتمىسى، مەيلى يېڭىچە زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.(23)

شۇنداق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى مانجۇلۇقتىن بەكراق خىتايلاشقان ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلى تېخىمۇ بەك مۇستەملىكىچىلىك شەكلىدە ئىپادىلەندى. چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىدىن كەلگەن تېخىمۇ كۆپ ساندىكى ئەمەلدارلار (خەلقنى بەگلەر ئارقىلىق) ۋاستىلىك باشقۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، خەلق خىتاي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن بىۋاستە باشقۇرۇلۇشقا مەھكۇم بولدى. مەقسەتلىك ھالدا يەرلىك خەلققە خىتاي مەدەنىيىتى سىڭدۈرۈش ئۇرۇنۇشى بولۇندى. ئەمما، بۇ رايون كەلگۈسىدىكى خىتاي مىللىي دۆلىتىگە ئاسانلا سىڭىپ كېتىدىغان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ كەتمەستىن، يەنىلا ئىمپېرىيە بىلەن ئاجىز ھالدا باغلىنىپ تۇرغان چېگرا

مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. يەرلىك ئاھالە ئۆلكە بولۇشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى. چەكلىمىسىز رەۋىشتە دىنغا ئېتىقاد قىلدى، ئانا تىلدا سۆزلىدى، ئۆزلىرىنىڭ غەيرى رەسمىي شەكىلدىكى ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. دېھقانچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار يەنە رۇس ئىمپېرىيىسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. شۇنداقلا، سودا ئۈچۈن ئىزچىل رەۋىشتە چاررۇسىيە تېررىتورىيىسىگە سەپەر قىلىپ تۇردى. دىنىي ئوقۇش ۋە ھەج ئۈچۈنمۇ سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنداقلا، ئۆزىگە تەئەللۇق مائارىپ سىستېمىسىنى داۋاملاشتۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ خىل مائارىپ سىستېمىسى چىڭ سۇلالىسى مەزكۇر رايوندا تەسىس قىلغان مائارىپ سىستېمىسى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولدى. يەرلىك خەلقنىڭ مائارىپ سىستېمىسى ھەم دىنىي زاتلار بىلەن ئالاقىسى بولغان ئەنئەنىۋىي دىنىي مائارىپ تورىنى، ھەم دىن بىلەن ئەدەبىيات، تارىخ، ھېساب ۋە ئىلىم-پەن قاتارلىق پەنلەرنى دىنىي دەرسلەرگە باغلىغان ئۇسۇلى جەدىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.(24)

## شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇمھۇرىيەتچى خىتاي (گومىنداڭ) ۋە زامانىۋى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ باشقا ئىمپېرىيىلىرىنىڭ ھالاك بولۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىنقىلاب قىزغىنلىقى بىلەن ئاز بولسىمۇ باغلىنىشچانلىققا ئىگە. ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن خىتايلار باشلىغان بۇ ئىنقىلاب مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئىنقىلاب ئەمەس. ياكى چاررۇسىيەدە بولغىنىدەك، ئېزىلگەن سىنىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانمۇ ئەمەس. ھالبۇكى، جوڭخۇا مىنگو ئومۇمىي جەھەتتىن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئاتالمىش شىنجاڭ ۋە شىزاڭغا ئوخشاش ئاجىز قوشۇمچە مۇستەملىكىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ئىمپېرىيىدىن مىللىي دۆلەتكە ئۆتۈشىنى ئەمەس، بەلكى «مىللىي ئىمپېرىيە»دىن ئىبارەت يېڭى ئۇقۇمغا كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.(25) بۇ تەرىپى خۇددى چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئايلىنىشىغا ئوخشىسىمۇ، ئوخشمايدىغان تەرىپى جۇمھۇرىيەتچى خىتاي دۆلىتى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چەكتىن ئاشقان تەرەپلىرىنى ياكى ئۆزى مۇستەملىكە قىلغان خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئورنىغا چىققان يېڭى خىتاي دۆلىتىنىڭ «ئىمپېرىيە شەكلى»دىن قول ئۈزمىگەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، 1911 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا تولىمۇ چەكلىك ۋە ئاجىز تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شەرقىي تۈركىستاندا جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئوخشىمىغان ئەمەلدارلىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا ئەگىشىپ، بۇ ھال ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەردى. بۇ خىلدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنىڭ ھاياتىنى كونتول قىلىش ئارزۇسى ئېخىمۇ بەك يۇقىرى بولدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە بۇ رايون بۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان دۆلەتنىڭ مۇھىم چېگرا رايونى بولۇپ قالدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان يېڭى جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشنى ئەمەس، شەرقىي تۈركىستانغا خوجا بولۇشنى باش نىشان قىلغان، جۇڭخۇا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن مۆجمەل مۇناسىۋىتى بولغان بىر ئوچۇق خىتاي ئەمەلداردار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ دەۋر ئۇيغۇر مىللىي ئېڭىنىڭ بارلىققا كېلىش دەۋرى بولدۇ. بۇ خىل مىللىي ئاڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قارار قىلىش ۋە بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھوقۇق بېشىدىكى خىتايلار بىلەن پەرقلەندۈرۈشنى چۆرىدىگەن ئاساستا بەرپا قىلىندۇ. كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى بۇ خىلدىكى مىللىي ئويغىنىش ئىككى قېتىملىق ئۆمرى قىسقا دۆلەتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئىككى دۆلەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللىرىدا خىتاينىڭ ئىشغالىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشنى غايە قىلغان دۆلەتلەر ئىدى.

## خىتاي جۇڭخۇا مىنگوسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە يېڭى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

چىڭ سۇلالىسى بېشىنى يېگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇنجى خىتاي ئەمەلدار ياڭ زېڭشىندۇر. ياڭ زېڭشىن شەرقىي تۈركىستاننى تاكى 1928 ـ يىلىغىچە ئىدارە قىلغان. كۆپچىلىك تارىخشۇناسلار ياڭ زېڭشىننى مۇستەبىت ھۆكۈمران دەپ قارايدۇ. ئۇ ساداقەتمەنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ شەخسىي زېمىنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.(26) بىراق، ئۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەزكۇر رايوننىڭ ئىگىلىرى بولغان يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا ئارىلىشىشىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق چەكلىمە قويدى. ياڭ بۇ «چېگرا رايون»نى كونترول قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىراق، بۇ رايوننىڭ يېڭى قۇرۇلغان جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر پارچىسى بولۇش

ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ چىقارمىدى. ياك مۇنداق يازغان ئىدى:«مەن (جۇڭخۇا مىنگونىڭ) بىر قىسمىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا قادىر بولالىسام، (مەركىزىي) ھۆكۈمەت باشقا قىسمىنى كونترول قىلىپ تۇتۇپ تۇرالىسا، بۇنىڭدىن ياخشىسى بولامدۇ؟»(27) ئۇنىڭ بۇ رايوننى تۇتۇپ تۇرالىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىنىڭ بۇ رايوندا قوزغىلاڭلارنىڭ بولۇشى ۋە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىششى مۇمكىنچىلىكىنى توغرا ئاڭقىرالىغانلىقىدىندۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇڭغۇلىيەگە چاڭگال سېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قابىلىيىتىنى نامايان قىلغانلىقتىن، ياك زېڭشىن بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ» ھەققىدە پىلان تۈزۈشىدىن ئەنسىرىگەن ۋە يەرلىك مۇسۇلمان خەلق ئۈستىدىن مۇشۇ خىلدىكى «قۇترىتىش»لارنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى پەملىگەن. ياك زېڭشىڭنىڭ بۇنداق ئەنسىرىشىگە كۆز ئالدىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىمۇ سەۋەب بولغان. بۇ ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ خاراكتېرى ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەيدانغا چىققان مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق تېپىدىكى لېنىنىزمچە ئىدىيەنى ئاساس قىلغان ئىدى. ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى تەدرىجىي داۋام قىلىپ شەكىللەندى. چەتئەلنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىدى. بۇ تەسىرلەرنىڭ بەزىلىرى بەزى ئۇيغۇرلارنى ھېچقانچە زەربىگە ئۇچرىتالمىدى، بەزى ئۇيغۇرلارنى بولسا مۇسۇلمانلارنى زەربىلىدى. (28) بۇ مىللەتچىلىكنىڭ شەكىللىنىش جەريانى. چەك سۇلالىسى. ھۆكۈمرانلىقىنى. ئاخىرقى. مەزگىللىرىدىلا باشلانغان بولسىمۇ، بۇ مىللەتچىلىك دۇنيا مىقياسىدىكى مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋە 1880 ـ يىللاردا غۇلجىدىن ئايرىلىپ سوۋېت تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتىدىن كېيىن يوقسىدى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. 1920 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە («ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى قوللىنىش) تەشەببۇسى بىلەن، مۇشۇ نامدا تونۇلدى.

1920 ـ يىللىردىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا ياشايدىغان تۈركىي مۇسۇلمانلاردا بىر تۈرلۈك كوللېكتىپ كىملىك مەۋجۇت بولۇپ، بۇ كوللېكتىپ كىملىك جۇغراپىيىلىك ئورۇن، تارىخ، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ۋە تېكىستلەرنىڭ ئاغزاكى تارقىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ كوللېكتىپ كىملىك خىتاي ۋە مانجۇ باشقۇرغۇچىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا شەكىللەنگەن.(29) بىراق، بۇ كوللېكتىپ كىملىك تېخىچە يېڭىچە دۆلەتچىلىك سۈپىتىدە ئىپادىلەنمىگەن، مىللىي دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن باغلىنىشلىمىغان، «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلەشمىگەن ئىدى. «ئۇيغۇر» نامى بۇ رايونلاردا دەۋران سۈرگەن قەدىمكى چاغلاردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ چاغلاردا بۇ رايوندا ئۇيغۇر دېگەن نام ئىشلىتىلمەيتتى. «ئۇيغۇر» دېگەن نام سوۋېتى ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۇنجى يىلىدا بۆگۈنكى قازاقىستاندىكى مىللەتپەرۋەر بولشىۋىك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى ۋە 1920 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.(30) ياك زېڭشىننى ئالاھىدە ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان دۆلەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

ئىدىئولوگىيىسى ئىمپېرىيالىزمغا قارشى لېنىنىزم ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ختايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش تارىخىنى تارىخنى خاتىرىلەشنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە تەبرىكلىشى ئىدى.(31) بۇ تەرەققىياتلاردىن خېلى ئەندىشىلەنگەن ياڭ زېڭشىن سوۋېت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ يەردىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەرەققىياتلارنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن پەسىللىك ئىشچىلارغا بۇ تەرەققىياتلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆزىتىش مەقسىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا كونسۇلخانا قۇردى.(32)

گەرچە ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭ چىقىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقاچان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ زور كۆلەملىك قوزغىلىڭىغا دۇچ كېلىپ باقمىدى. ياڭ زېڭشىن ئاكتىپلىق بىلەن باستۇرۇۋەتكەن مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىدىن بىرى ئەسلىدە ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ياكى ختاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بولماستىن، قومۇلدىكى ئۆز خەلقىگە زۇلۇم سېلىش بىلەن يامان كۆرۈلىدىغان يەرلىك مۇسۇلمان شاھزادىنىڭ ھوقۇقتا ھەددىدىن ئېشىشىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ئىدى.(33) يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن داۋالغۇشلۇق يامان بىر دەۋردە، ياڭ زېڭشىن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز دەۋرىدىكىدەك تۇتۇپ تۇردى. بىراق، بۇ جەرياندا، ئۇ باشقا ختاي مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئارىسىدىن ئۆزىگە كۆپ دۈشمەن تېپىۋالغان بولۇپ، ئاقىۋەتتە مۇلازىمەتچىسى تەرىپىدىن زىياپەت ئەسناسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلىش قىسمىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى.(34)

## جۇمھۇرىيەتچى ختاي دەۋرىدىكى قاتتىق تەقىب ۋە يەرلىك قارشىلىق

1928 ـ يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ ئادەملىرىدىن ھېسابلىنىدىغان جىن شۇرېن (金苏仁) شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. گەرچە ئۇ ياڭنىڭ نۇرغۇن سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى نارازىلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان يوشۇرۇن ئاقىۋەتلەرگە ياڭ زېڭشىندەك زېل مۇئامىلە قىلمىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش بىر گۇرۇپپا ساداقەتمەن ختاي ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويدى. بىراق، ئۇ ياڭ زېڭشىندىنمۇ بەك دۇنياپەرەس بولۇپ، يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۈستۈن تەبىقىنىڭ گېلىنى يېتەرلىك دەرىجىدە پۇل ـ مال بىلەن ياغلاپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىدى.(35) بۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن ياڭغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەم بىخەتەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان يەرلىك پاسپورت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.(36) ئۇ يەنە دېھقانچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشىدىن ۋە باقمىچىلىقتىن زور باج مىقداردا ئالدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈرلىرىگە ياردەم بەردى ۋە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشىنى چەكلىدى.(37) يەرلىك خەلقنىڭ تۈرمۈشىغا بۇ خىل دەرىجىدە ئارىلىشىش مۇقەررەر ھالدا جىن شۇرېننىڭ بىر بالايى-ئاپەت ئىكەنلىكىنى يەرلىك خەلققە ئىسپاتلاپ بەردى. جىن شۇرېن قىسقىغىنە ھاكىمىيەت دەۋرىدە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆلەمدىكى قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ جىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشىنىڭ تۇنجى ماھىيەتلىك ھەرىكىتى 1931-يىلى قۇمۇلدا يۈز بەردى. قۇمۇل خانى (قۇمۇل ۋاڭى) ئىمتىيازى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ، ئاتىدىن بالىغا قېلىش شەكلى بىلەن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، پادىشاھلىق ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى قۇمۇلنىڭ مۇسۇلمان ئاھالىسى نامىدا ئۆز-ئۆزىگە خوجا ئىدى. ياڭ زېڭشىنمۇ بۇ تۈزۈمنىڭ داۋاملىششىغا يول قويىغان ئىدى. قۇمۇل مۇسۇلمانلىرى 1912-يىلى ئۆز خانلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئەۋزەل ئورۇنغا قويىاتتى. چۈنكى ئۇلار ختايىنىڭ ئۆز يېرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋېلىشىغا چەك قويالايتى.(38) ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرخان قۇمۇل خانى 1930-يىلى ۋاپات بولغان كېيىن، جىن شۇرېن قۇمۇل خانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى تېخىمۇ كونترول قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، قازا قىلغان خاننىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئۇنىڭ خان ئوردىسىدىكى بىر قانچە مۇھىم شەخسنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ قارارغا قارشى چىقىپ، رايوندا كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

جىن شۇرېن بۇ قوزغىلاڭنى تېز ۋە شىددەت بىلەن باستۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتتا، قوزغىلاڭچىلار ھەر قايسى جايلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. 1932-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قوزغىلاڭ قۇمۇلدىن ھالقىپ كەتتى. «شىنجاڭ»نىڭ ھەممىلا يېرى تەۋرەپ كەتتى.(39) جىن شۇرېن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مانجۇرىيەدە ئۇرۇش قىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بۇ رايونغا كەلگەن كونا ئەسكەرلەردىن ھەربىي ياردەم قوبۇل قىلدى. جىننى قوللايدىغان بۇ يېڭى ئارمىيەنىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي بار بولۇپ، ئۇ قارا نىيەت سىياسىي غايىگە ئىگە رەھىمسىز جەڭچى ئىدى. شېڭ مۇسۇلمان قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلدى. شېڭ شىسەي يەنە جىن شۇرېنغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانلاپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە «شىنجاڭ»نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاقىۋەتتە بۇ رايوننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

شېڭ شىسەي ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا چۈشۈرگەندە، يەرلىك مۇسۇلمانلار توپى ھەر قايسى يەرلەردە ئوچۇق-ئاشكارە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان بىر رايونغا مىراسخورلۇق قىلدى. نەتىجىدە ئۇ قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭنى باش تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان خوجا نىياز ھاجى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈركىستاننى جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن شىمالدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىدى.(40) بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا 1933-يىلى تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ھەمىشە بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي دۆلىتىنىڭ ئەسلى ئۆرنىكى دەپ تەسۋىرلىسىمۇ، تارىخچى داۋىد بروفى (David Brophy) بۇ چۈشەنچىگە جەڭ ئېلان قىلدى.(41) بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغۇلغان ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، نەتىجىدە بۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ مۇسۇلمان تۈركلەردەك ئورتاق كىملىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەمما، باشقا تەتقىقاتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، بۇ دۆلەتنى نوقۇل ھالدا دىنىي دۆلەت دەپ سۈپەتلەشمۇ ئوخشاشلا خاتالىقتۇر.(42) ئەكسىچە، بۇ دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەن سىياسىي ھەرىكەت ئۆز دەۋرىدە بازار تاپقان تۈرلۈك ئالاھىدىلىكتىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىدىئولوگىيىسىدىن ئىلھام ئالغان كۆپلىگەن يەرلىك زىيالىيلارنى توپلىدى. بۇ زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدا جەدىدىزم ھەرىكىتىدىن ئىلھام ئالغان مۇسۇلمان ۋەتەنپەرۋەرلەر، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى لېنىنىزىمچى ھۆرلۈك تەشەببۇسچىلىرى ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى قاتارلىق ھەر خىل ئېقىمدىكى كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن نەرسە خىتاينىڭ ۋەتىنىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش ۋە ئۆزىگە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ (سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى) كۈچ خوتەندىن كەلگەن دىننى ئاساس قىلغان ئىنقىلابچىلاردا كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇلار خەنزۇ ئاھالىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، خىتاي تىلىنى ئىشلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋە خىتايچە يەر نامىلىرىنى يەرلىك تۈركىي تىلغا ئۆزگەرتىشكە چاقىرىق قىلدى.(43)

بىرىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆمرى ناھايىتى قىسقا بولغان بولۇپ، سىرتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ ئۆلكە پايتەختى ئۈرۈمچىنى ئالماقچى بولغان تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۇ ۋەقە تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، قەشقەرنى ئاساس قىلغان يەنىلا ئاجىز ھالەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 1934-يىلى مارتقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى.(44) شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا چىقىدىغان يۈكسىلىشلەردە تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى جۇمھۇرىيەتچى خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندىن سىرت، بۇ دۆلەت يېقىنقى يىللاردىكى دىندار مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخنى خاتىرىلىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. شەرقىي

تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مۇشۇ رولى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇش بىلەنلا قالماي، بۇ زېمىننى كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن قۇتقۇزۇش تىرىشچانلىقىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ كەلدى.

شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى سوۋېتلەشتۈرۈشى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋالىيسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايىچى قىلىپ تاللىغۇچى سىياسەتنى ئوتتۇرىغا چىقتى. گەرچە شېڭ شىسەي نامدا نەنجىڭدىكى مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ موسكۋاغا ۋە ئۆزى ئەزا بولغان سوۋېت كومپارتىيىسىگە تېخىمۇ سادىق بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.(45) تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسمى دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ۋە نەنجىڭغا سادىق بولغان تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان بولسىمۇ، شېڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ شىمالدا كۈچلۈك ئۆلكە قۇردى ۋە ئاخىرىدا 1937 ـ يىلى تارىم ئويمانلىقىنى قايتا كونترول قىلدى.

شېڭ دەسلەپتە، بۇ رايوندىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لېنىنىزم ئىدىيىسىدىكى ئىمپېرىيالىزمغا قارشى ئۇيغۇرلارغا قارىتا سىلھلىشىش سىياسىتىنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.(46) يېڭى سىياسەتلەر يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە ياشىشىغا ھەمدە بولشېۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادىكىگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەيدان ھازىرلىدى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ئارقىلىق شېڭ شىسەينى نۇرغۇن ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي ئۇيغۇرلار ئىدى، ھەمدە سوۋېتپەرەس يەرلىك ئۇيغۇرلارنى شېڭ ھۆكۈمىتىگە كىرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈردى.(47) بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىن 30 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنى ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارغا سوۋېت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا بولۇپمۇ سوۋېتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە ئالاقىدار ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىئولوگىيىسى سىڭدۈرۈلەتتى.(48)

شېڭ شىسەي بۇ خىل ياردەملەر ئاستىدا سوۋېتنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتكە ئوخشايدىغان بىر تۈزۈلمىنى بەرپا قىلدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى خوجا نىيازنى ئۆز ئىچىگە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۆز ھۆكۈمىتىدىن مەنسەپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كورېنىزاتسىيا (يەرلىكلەشتۈرۈش) سىياسىتىدىن ئۆلگە ئالغان يەرلىرى ئىدى.(49)

شەرقىي تۈركىستاندىكى سوۋېتقا تەۋە ئۇيغۇر مەسلىھەتچىلەر «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 1935 ـ يىلى شېڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇ رايوننىڭ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەڭ كۆپ نوپۇسنىڭ مىللەت نامى سۈپىتىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشىغا مۇيەسسەر بولدى.(50) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى. سوۋېت ئۇيغۇر قوللىغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ مىللەتنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا قىسقىغىنە بولسىمۇ تەرەققىيات ئېلىپ كەلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

ئەگەر بۇ سۈلھچىلىك سىياسىتى، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ سوۋېتپەرەس ئۇيغۇر قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆپلەپ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بولسا، شېڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆرنەك ئالغان باشقا سىياسەتلىرى، مەسلەن ئۇنىڭ مەخپىي ساقچىلارنى كۈچەيتىشى قاتارلىقلار قارشى ئېلىنمىغان بولاتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي ئۆزىدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلغان خىتايلارغا قارىغاندا قارشى پىكىردىكىلەرنى باستۇرۇشتا تېخىمۇ بەك ئاكتىپ بولدى. شېڭ شىسەي ئىشقا سالغان بىخەتەرلىك ئورگىنى ستالىننىڭ سېسق نامى پۈركەتكەن مەخپىي ساقچى تەشكىلاتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، بۇ تەشكىلات زەربە خاراكتېرلىك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزەتتى.

ئۇيغۇر دىندارلىرىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ كۈچىيىشىدىن شېڭ شىسەي يېڭى ئىنقىلابنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ ئەنسىرەيتتى. قەشقەردە دىنىي مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن شېڭ شىسەي ئۇنى باستۇرۇشقا ئورۇنۇپ، يەرلىك ئۇيغۇر باشچىلىرىنى تازىلاپ يوقاتتى. يەرلىك گېزىتلەرنى كونترول قىلدى. يەرلىك مەكتەپلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى قويۇشنىڭ ئېپىنى قىلدى.(51) بۇ خىلدىكى قاتتىق سىياسەتلەر ۋە يەرلىك سەرخىللارنى تازىلاپ يوقىتىش 1937 ـ يىلى قەشقەر ۋە خوتەندە يېڭى قوزغىلاڭغا سەۋەب بولدى. بۇ قوزغىلاڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى لىدېرلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تەرىپىدىن پىلانلانغان ئىدى.(52) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر ۋە ھاۋا ياردىمى ئاستىدا، بۇ قوزغىلاڭنى تېزدىنلا بېتچىت قىلغان شېڭ شىسەي پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ئۆز ھۆكۈمىتىدىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ھەرىكىتى قوزغىدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ ھەرىكىتى ستالىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى سىياسىي تازىلىشىغا توغرا كەلدى ۋە ستالىننىڭ ئۇسۇلىنى قوللاندى. شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى زور كۆلەمدە قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.(53) ئۇيغۇرنىڭ سەرخىللىرىنى ۋە زىيالىيلىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى ۋە تامامەن يېڭىچە ۋە ئۆزىگە ئىتتىنمۇ سادىق يەرلىك زىيالىي ۋە ئەمەلدارلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.(54)

1937 ـ ۋە 1938 ـ يىللىرىدىكى تازىلاشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭغا بولغان تەسىرى داۋاملىق كۈچەيگەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شىڭ ھەتتا 1941 ـ يىلى ستالىنغا ئۇيغۇر رايونىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان.(55) ئەمما، بىر يىلدىن كېيىن شىڭ شىسەي خوجايىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان سىياسىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش ئېلىپ بارغان. 1942 ـ يىلى، شىڭ بۇ رايوندىكى يۈزگە يېقىن داڭلىق كوممۇنىست ۋە سوۋېتپەرەسلەرنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇلارنى بۇ رايوننى ئىگىلەش ۋە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتۇپ بېرىش سۇيىقەستى پىلانلىغان دەپ قارىلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر رايونىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتى ۋە ئىنستىتۇتلىرى تاقىلىپ قالغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئىشچىلىرى بىلەن بىللە ئىشلىگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان مىڭلىغان يەرلىك ئاھالە بۇ سۇيىقەست بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قولغا ئېلىنغان.(57)

شۇنداق قىلىپ، ئاز ۋاقىت ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەر دەپ شىڭنىڭ تازىلىشىنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇرلار ئەمدىلىكتە سوۋېتپەرەس كۈچلەر دەپ قارىلىنىپ باستۇرۇلغان. نەتىجىدە، يەرلىك مۇسۇلمانلاردا شىڭغا قارشى كەيپىيات شەكىللەنگەن. شىڭنىڭ خىيانەت قىلىشىغا ئۈچرىغانلىقىنى ھېس قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۇ نارازىلىقنى شىڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ پۇرسىتىنى دەپ قارىغان. رۇسىيەلىك ئالىم ۋالېرىي بارمىننىڭ (Valery Barmin) سۆزىگە قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسى بيۇروسى 1943 ـ يىلى بۇ مەقسەتتە چېگرا ھالقىغان ئۇيغۇر قارشىلىق ھەرىكىتىنى قوزغاشنى مۇزاكىرە قىلغان.(58) ھالبۇكى، خوجايىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرگەن شىڭ شىسەينىڭ كۈچى ئاللىقاچان كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جازاسىغا دۇچ كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن تۇرۇشنى ئويلىمىغان. 1944 ـ يىلى ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلىنىپ، خىتايدا دۆلەت دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن.

گەرچە شىڭ ھازىر يوقالغان بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىشىنىڭ ئۇلىنى كولاش پىلانىنى داۋاملاشتۇردى.

1943 ـ ، 1944 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قوزغىلاڭ پەيدا قىلىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى.(59) بۇ جەرياندا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان، ئۆز چېگرىسىغا قوشنا بولغان غۇلجا رايونىدا پىلانلانغان قوزغىلاڭنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارنى قورال ياراق ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

ئىككىنچى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ھازىرقى خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ يۇقىرى پەللىسى

1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھرىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ رايوندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇ رايون 1870 ـ يىللاردا قىسقا ۋاقىت سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىرى بىلەن قوراللانغان، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغان بۇ قوزغىلاڭچىلار 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىگە كىرىدۇ. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ.(60) بۇ يېڭى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ھەممە زېمىننى قولغا ئېلىش ئارزۇسى باردەك كۆرۈنەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى 1945 ـ يۈتۈن يىل خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئۆلكە مەركىزى بولمىش ئۈرۈمچىنى قولغا ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ.(61) دەل مۇشۇ پەيتتە مەزكۇر ئىنقىلابنىڭ ھېسابلانغان سوۋېت ئىتتىپاقىلىق خوجايىنلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلگىرلىشىنى توختىتىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قېتىملىق تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىدە گومىنداڭ ئۇيغۇر رايونىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا قوشۇلىدۇ. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا غۇلجا رايونىنىڭ ئەمەلىي كونتروللۇقى بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 1940 ـ يىلنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە ئەمەلىي رەۋىشتىكى ئاپتونومىيىلىك ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ دۆلەت زامانىۋى دۆلەتچىلىكنىڭ سىمۋوللىرىنى بەرپا قىلىشتا 1930 ـ يىللاردىكى ئەجدادلىرىدىنمۇ بەكرەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋىت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە گېزىت ـ ژۇرناللارنى ۋە دەرسلىك كىتابلارنى نەشر قىلىپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆز ئالدىغا پۇل باستۇرۇپ تارقاتقان، مۇنتىزىم ئارمىيەگە، ئۆزىگە خاس مەكتەپ سىستېمىسىغا ئىگە بولغان. يەنە تېخى ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقى ۋە دۆلەت مارشى بار ئىدى. (62) بۇ يېرىم ئاپتونومىيىلىك دۆلەتمۇ بىرىنچى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاشلا روشەن رەۋىشتە كۆپ مىللەتلىك بىرلىك شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار شۇ دەۋردىن بۇيان بۇ دۆلەتنى سېكيۇلارىزمنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مىللىي دۆلىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ قاراپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىگە بولسا ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ سەركىسى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلمەكتە.

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى داۋاملىق ياردەم بېرىپ، ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى كونترول قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورچاق دۆلىتى دەپ قارىۋېلىش توغرا بولمايدۇ. ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان يەرلىك ئۇيغۇر قوللىغۇچىلىرى مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تۈنجى قەدىمى دەپ قارىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتىن بەكرەك، دائىملا يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا مايىللىق كۆرسەتتى. مەزكۇر ئاپتونومىيىلىك دۆلەتتە ئاخبارات ۋاستىلىرى دائىم سوۋېت سوتسىيالىزمىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارغا مەركەزلەشتى، ئەمما مەزكۇر ۋاستىلەر 1920 ـ يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا قارشى ئېلىنمايدىغان تېمىلار ھېسابلانغان ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىلىقمۇ كۆچ قاتتى.(63)

گومىنداڭ بەلكىم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك مۇسۇلمانلارنى سەپەرۋەر قىلىش كۈچىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە يەرلىك مۇسۇلمانلارغىمۇ ھوقۇق تۇتقۇزدى. بولۇپمۇ، گومىنداڭ ئۆزىگە مايىل ئۈچ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر زىيالىيسى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە مەسئۇد سابىرى قاتارلىقلارغا بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە مۇھىم ئورۇنلارغا ئولتۇرغۇزدى.(64) بۇنىڭدىن باشقا، گومىنداڭنىڭ يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى قول ۋالىيسى جاڭ جىجوڭ بۇ رايوندا يەرلىك سايلام كېڭەشلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە خىتاي تىلى بىلەن يانمۇ ـ يان ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى.(65)

نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، 1945 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى» شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يېڭى زاماندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھۆكۈمەتلەر ئىچىدە تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئەڭ ئۈنۈملۈك ھۆكۈمەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھۆكۈمەت يېڭى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە خاتىمە بېرىلىدىغان كەلگۈسى ئۈچۈن يۈكسەك ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىدارە قىلىنىشىغا يېقىندىن قاتنىشىدىغان بولۇشقا باشلىدى ۋە ھۆكۈمران خىتاي تەبىقىسى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش دەرىجىلىك يۇقىرا دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى ياكى يۈكسەك ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشى توغرىسىدا ئاشكارا مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.(66) بۇ خىل يۇمشاق سىياسەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

سمۋولى سۈپىتىدە 1947 ـ يىلى جاڭ جىجوڭ «شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى»نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، يۇقىرىدا نامى كەچكەن ئۈچ داڭلىق گومىنداڭچى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن مەسئۇد سابىرى ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. مەسئۇد سابىرىنىڭ قىسقىغىنە رەھبەرلىكى جەريانىدا باشقا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن كۆپلەپ يەر ئېلىشقا باشلىدى. ئالاقە جەريانىدا، «شىنجاڭ» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «تۈركىستان» ئاتالغۇسى بارغانچە كۆپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپ كېڭىيىپ، مائارىپ دەرسلىكلىرىگە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى ئوقۇتۇشى قوشۇلدى. شۇنداقلا، ھاكىمىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى تېخىمۇ بەك كۈچەيتىلدى.(67) بىراق، شېڭ شىسەي دەۋرىدە يۈز بەرگەن قىسقا مۇددەتلىك يۇمشاشقا ئوخشاشلا، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇد سابىرى زامانىسىدىكى ھوقۇقنى قولغا ئېلىشىمۇ قىسقا مەزگىللىك بولدى ۋە قۇيرۇقنى قۇم باستى.

1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى (CCP) بېيجىڭنى كونترول قىلىۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ رەھبەرلىك قاتلىمى ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. نەتىجىدە، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كەشمىر ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىپ، ئاخىرىدا تۈركىيەدە پاناھلىق تىلىدى. ئۇلار تۈركىيەدە سەرگەردانلىقتىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە باشچىلىق قىلدى.(68) 1949 ـ يىلى ئاۋغۇستتا موسكۋا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى يىغىنىنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى بولۇشقا ياردەملەشتى. مەزكۇر يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىگە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ كېلىشىلدى. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك قاتلىمى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خىتاي خەلق سىياسىي بيۇروسىنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشى تەكلىپ قىلىندى.(69) ئېيتىلىشچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش  مۇھىم ئەمەلدارى 1949 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇستتا بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن قازاقىستان ئارقىلىق بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، سىبىرىيە ھاۋا بوشلۇقىدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ ۋاپات تاپتى.(70) ئارقىدىن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تارقىتىۋېتىلدى. گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىدىكىگە ئوخشاش، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى. گومىنداڭ شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تەۋە يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە يەرلىك ئەمەلدارلار خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ساداقەت كۆرسىتىش، ۋەتىنىنى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ياكى ھېساپ ـ كىتابقا ئۇچراش، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇش تاللىشى ئارىسىدا قالدى. كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى ھالدا شەرقىي تۈركىستاندا قېلىپ قالغان مەسئۇد سابىرى 1951 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئۇرۇش» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



ئاقسۇ قورغانىنىڭ ئېلىنغان ۋاقتى(1945-يىلى)



# قورغان قەلئەسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قورغان قەلئەسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

ئىلىدىن جەنۇبقا ئۆتىدىغان تەكرى تېغىدىكى داڭلىق داۋانلارنىڭ بىرى مۇزداۋان بولۇپ، مۇزداۋان ئارقىلىق موڭغۇلكۈرەنىڭ شۇتا رايونىغا بارغىلى، ھەم ئۇ يەردىن بىۋاستە ئاقسۇ كونا شەھەرگە كەلگىلى بولىدۇ. مۇزداۋان گەرچە قىشى-ياز ئۈستىدىن قار-مۇز كەتمەيدىغان تەڭرى تېغىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك داۋانلىرىنىڭ بىرسى بولسىمۇ، ئەمما شىمال بىلەن جەنۇبنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ قىسقا يول بولغانلىقى ئۈچۈن، كارۋانلارنىڭ دائىم قاتنايدىغان يوللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

مۇزداۋاننىڭ جەنۇبىغا، يەنى ئاقسۇ كونا شەھەرگە تەۋە قىسمىغا بىر ئۆتەڭ جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر تارىختىن بۇيان قورغان دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. قورغان ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانچە ئۇچۇر يوق. ئۇنىڭ قاچانلاردا، كىملەر تەرىپىدىن سېلىنغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2016-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان مامۇت قۇربانىنىڭ قەلەمدىكى «مۇزداۋان يولىدىكى ئۆتەڭلەر» ناملىق ماقالىدە قورغان ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇرلار مەۋجۇت:«قورغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇزداۋان يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ. ئىلگىرى ھۆكۈمەت بۇ يەرگە سېپىلنىڭ بىر تەرىپىنى دەرياغا، بىر تەرىپىنى تاغ چوققىسىغا سوزۇپ، جەنۇب، شىمال ئېغىزلىرىنى بېكىتىپ، بىر قورغان سالدۇرغان. بۇ قورغاندا بىر قاراۋۇلخانا بولغان. بۇ قاراۋۇلخانىدا بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر تەكشۈرۈلەتتى. كېيىن بۇ يەرنىڭ نامى قورغان دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇ قورغاننى ياقۇپ بەگ سالدۇرۇپ، ئەسكەر توختىتىپ، كېيىم-كېچەك ئىسكىلاتى قىلغان ئىكەن.» يۇقۇرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قورغان ياقۇپ بەگ دەۋرىدە سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت يىلنامىسى ئېنىق ئەمەس. پەقەت بىز ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيەت تۇتقان يىلنامىسىغا ئاساسەن، بۇ قورغاننى 1967-يىلدىن 1877-يىلغىچە بولغان ئارلىقتا سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلالايمىز.

قورغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت زامانىدا قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ۋە سوپاخۇن سوۋۇروف باشچىلىقىدىكى جەنۇبقا يۈرۈش ئارمىيەسىنىڭ مۇزداۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئارمىيەسى بىلەن بولغان كەسكىن جەڭلىرىگە سەھنە بولغان مۇھىم يەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ جەڭلەرگە قاتناشقان بىرقانچە شاھىدلارنىڭ ئەسلىملىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 128-بېتىدە قورغاندا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ ھەققىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىگەن ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ ۋە كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ئىلگىرى باربىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ مۇزارت داۋىنىغا (قورغانغا) ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. 15-كۈنى ئاتلىق

پارتىزانلار ئەترىتى بايدىن يولغا چىقىپ، مۇزارت داۋىنىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياسىنغا بىر قىسىم قۇراللىق كۈچكە يېتەكچىلىك قىلىپ، باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ مۇزارت داۋىنىغا كېلىپ، بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنغا ياردەم بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن بىر قىسىم كۈچنى تۈزئاۋاتقا ئەۋەتتى. ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بىر نەچچە كۈن جەڭ قىلىپمۇ مۇزارت داۋىنىنى ئالالمىدى. بۇ چاغدا ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى گومىنداڭنىڭ كۈچادىن چىققان ياردەمچى قوشۇنىنىڭ باي ناھىيە بازىرىنى ئىگەللىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇزارت داۋىنىنى ئىمكان قەدەر تېزلىكتە ئېلىپ، ئىلىنىڭ ياردەمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 19 ـ كۈنى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى مۇزارت داۋىنىنى ئىگەلەپ يۈزدىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى. 170 تال مىلتىق، 18 دانە يىنىك ۋە ئېغىر تېپتىكى پىلىموت، بەش دانە كىچىك تىپتىكى توپ، 210 ئات غەنىمەت ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىدىن ئاقسۇغا يول ئېچىلدى.

قورغاندا بولغان جەڭ ھەققىدە مىللىي ئارمىيە قىسمىنىڭ قوماندانى سوپاخۇننىڭ ئەسلىمىسى ئەڭ تەپسىلىي بولۇپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ قورغانغا ھوجۇم قىلىش پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە ھۇجۇم جەريانىنى ناھايىتى تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ.

سوپاخان سوۋۇرۇپ «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق كىتابىدا مۇز داۋاندىكى قورغاننى ئېلىش جېڭى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: شۇ كۈنى تۈزئاۋاتتىن كېلىپ تىزەكتۆرەنى ئون نەپەر خىللانغان قوراللىق پارتىزان بىلەن قورغاننىڭ ئارقىسىدىن بوزدۆڭگە ئۆتىدىغان يولنى توسۇشقا ئەۋەتتىم. مەڭلىك قاسىمنى ئۆز ئىزۋوتى بىلەن قاراباغ ئارقىلىق قورغاننىڭ كۈن چىقىش بېقىنىدىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدۇم . بىز تېز يۈرۈش قىلىش، تېز ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللانمىساق بولمايتتى. بىز ئاز ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئالدىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇق. بىزنىڭ ئەسكەلىرىمىز نەچچە كۈنى توختىماي ئۇرۇش قىلىش، يول مېڭىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەك بوششىپ كەتتى. شۇڭا، كېچىدە يولداشلارنى بىر بۆلۈڭغا يىغىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف روھىي جەھەتتىن زور تەربىيە بەردى ھەم دىننىي ۋەكىللەر قۇرئاندىن بىر نەچچە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى سۆزلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئەتىگەندە كۈچا ياكى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھوجۇمغا كېلىپ قالسا چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى، شۇڭا، بۈگۈن قورغاننى چوقۇم ئېلىشىمىز لازىملىقىنى ئېيتتىم. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېچىدە بىر قىسىم جەڭچىنى ئۈدۈلدىن ھۇجۇمغا سېلىپ قويۇپ، قورغاننىڭ سول تەرىپىدىكى تاغقا بىر ئودېلىنىيە ئادەم بىلەن يامىشىپ چىقىۋالدىم. 19 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ھۇجۇمنى باشلىدۇق. قورغان ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەسكەلىرى جىددىي ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. پەستىكى جەڭچىلىرىمىزمۇ قورغان سېپىلىغا شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. مەن تاغنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ، قورغان ئىچىدىكى ئۈچۈرىغانلا گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئېتىپ تۇردۇم. مەن بىر مەرگەن بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاتقان ئوقۇم زايا كەتمىدى. بىر جەڭچى مىلتىقىمغا ئوق سېلىپ تۇردى. لېكىن قورغان

دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئىگىز پوتەيدىن دۈشمەن چاقلىق پىلموتى بىلەن جىددىي ئېتىپ تۇرغاچقا، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىلگىرى باسالمىدى. ئەمما سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەن قورغاننىڭ ئارقىسىغا قېچىشقا باشلىدى. بىزنىڭ پەستىكى قىسمىمىز پىلموت ئوقۇنىڭ توسقۇنلىقىدا ئۇلارنىڭ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىدى. بىز <دۈشمەن قېچىۋاتىدۇ> دەپ ۋارقىراپ پەستىكىلەرگە ئاڭلىتالمىدۇق. مەن دۈشمەن پوتەيدىكى تۆشۈككە ئارقىمۇ ئارقا ئىككى پاي ئوق ئاتسام، پىلموت تىمتاس توختىدى. ئەمدى ھوجۇم قىلىشقا بولاتتى. ھوجۇم قىلىشنى پەستىكى يولداشلارغا يەتكۈزۈش قىيىن بولۇپ تۇرغاندا رازىيوف داموللا پەسكە ئۆزى چۈشۈپ، بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن يولداشلار «ھۇررا» دەپ قورغان ئىچىگە كىرىپ، دۈشمەنلەرنى قورشىۋالدى. (432 ـ 431 ـ بەت)

قورغاندا بولغان جەڭ ھەققىدە، ئەينى چاغدا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ تەركىۋىدە مىللىي ئارمىيەگە قارشى جەڭگە قاتناشقان ۋە قورغاننىڭ مۇستەھكەم ساقلىغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىمۇ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، قورغاندا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قالدۇرغان.

ئاقسۇ ئەدەبىياتىنىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان «ئاقسۇدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمە» ناملىق يازمىدا، ئاپتور ھۆسەن ئادىل مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە قورغاندىكى سېپىلگە شىددەت بىلەن ھوجۇم قىلىپ، بىزنى ئوققا تۇتتى. بىزمۇ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىۋالغاچقا، ئوت كۈچىمىز بىلەن مىللىي ئارمىيەنى ئىلگىرلەتمىدۇق. ئۇرۇش ئالتە سائەتتىن سەككىز سائەتكىچە داۋام قىلدى. قورغاندىكى ئۇرۇشقا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى ، سوپاخۇن قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. مىللىي ئارمىيەنىڭ قوراللىرى خىل، ئاپتومات، ئالتە مىللىمېرلىق، سەككىز مىللىمېرلىق مىناميوت، گېرمانىيەدە ياسالغان جىكەس مىلتىق قاتارلىقلار بار ئىكەن. بىز سېپىل ئىچىدە مىللىي ئارمىيە تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئوت ئاچتى. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قورغان سېپىلىدىكى جەڭ يەنە باشلاندى. بىزنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭىمىز لى لىيەنجاڭ (ئىسمى لى شجۈن) مۇزارت دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالدى. بىز تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر، ئاتلار قىرىلدى. ئۇرۇشنىڭ ئەتىسى كەچ سائەت توققۇزدا بىزگە لىيەن تەرەپتىن قېچىش بۇيرۇقى بېرىلدى.

بىز ئۆلەر تىرىلىشىمىزگە باقماي غەربىي تەرەپتىكى تاغ ئېقىنى ئارقىلىق پىيادە بىر كېچە قېچىپ، ئاقبۇلاققا يېتىپ باردۇق. بىز قېچىپ ماڭغاندا ئەسىرگە چۈشكەنلىرى تۇتۇلدى. قارشىلىق قىلغانلىرى ئېتىلدى. بىز لىيەنجاڭ بىلەن 21 نەپەر ئەسكەر ساق قالدۇق. (ئاقسۇ ئەدەبىياتى، 1988 ـ يىلى، 3 ـ سان 101 ـ بەت)

قورغان قەلئەسى ئاقسۇ كونا شەھەرگە تەۋە بولۇپ، «ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيەسى» تەزكىرىسىدە قورغان ھەققىدە تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىدۇ:

قورغان قەلەسى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيەسى بوزدۆڭ يېزىسىنىڭ 25 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1905 مېتىر كېلىدۇ.

قورغان قەلئەسى شەرقتە مۇزات دەرياسى، غەربتە قۇرۇق دەريا تېغىغا تۇتۇشىدۇ. بىر تەرىپى توسۇق، قالغان تەرەپلىرى ئۈچۈق. قورغان قەلئەسى تەرتىپسىزرەك تۆتچاسا بولۇپ، كۆلىمى 18 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 3.5 مېتىردىن 4 مېتىرگىچە كېلىدۇ. سېپىلنىڭ بۇلۇڭىدا كۆزىتىش راۋىقى بار. سېپىل ۋە كۆزىتىش راۋىقى تاش بىلەن سېرىق لايدىن قوپۇرۇلغان. سېپىلنىڭ غەربىي شىمالى بۇرجىكى غەربتىكى قىيا بىلەن ئۇزۇنلىقى 100 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان تاشتىن قوپۇرۇلغان تام ئارقىلىق تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. بۇ تامنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ سەل شىمال تەرىپىدە تاشتىن 3 مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان قاراۋۇلخانا بار.

مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) جۇڭگو پەنلەر ئاكامدىيىسىدىن خۋاڭۋېندى بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1987 ـ ۋە 1989 ـ يىللىرى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ، بۇ قەلئەنى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. (ۋېنسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 1139 ـ بەت)

ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قانلىق شانلىق تارىخىغا شاھىد بولغان قورغان قەلئەسى بۈگۈنكى كۈندە تەڭرىتاغ باغرىدىكى تاشلاندۇق بىر يەرگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆتمۈشكە شاھىد بولغان كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئەسلىملىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخى سەھىپىلىرىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

مىراس ژورنىلى، 2016 ـ يىللىق 3 ـ سان

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

سوپاخان سوۋۇرۇپ، «مەن كەچكەن كېچىكلەر»

ئاقسۇ ئەدەبىياتىنىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانى

ۋېنسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 1139 ـ بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2020-يىلى 11- ئاينىڭ 26 - كۈندىن 2020 - يىلى 12- ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە)

## ئايلىق خەۋەر

(2020 ـ يىلى 26 ـ نويابىردىن ، 2020 ـ يىلى 26 ـ دېكابىرغىچە)

### رەھمە ماموٗت خانىمنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ماقالىسى «موٗستەقىللىق گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى

بىرىنچى دېكابىر ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاكتىۋىست رەھمە مەخموٗت خانىمنىڭ «ترامپ كەتسە ، ئەركىن دۇنيادا كىم بىزنىڭ تەرىپىمىزنى ئالىدۇ» ناملىق ماقالىسى ئەنگلىيەدە چىقىدىغان دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە موٗستەقىللىق گېزىتىدە ئېلان قىلىندى.

رەھمە مەخموٗت خانىمنىڭ ماقالىسى ناھايىتى جانلىق يېزىلغان بولۇپ، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك سۆزى ئەكس ئەتكەن بۇ ماقالىدە دېموكراتىك دۇنيانىڭ ئۇيغۇر پاجىئەسىگە نىسبەتەن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋالغانلىقى، پەقەت ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭلا خىتايغا زەربە بېرىشتە بىر قاتار ئەمەلىي قەدەملەرنى باسقانلىقى، بۇ ھالنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد بېغىشلىغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

بۇ خىلدىكى مۇھىم مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

### دۇنيا ساغلاملىق مۇلازىمىتى تەشكىلاتىغا ئىئانە قىلىنغان ماسكىلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىگە باغلاندى

BBC تورىنىڭ 2 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيەنىڭ يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» دۇنيا ساغلاملىق مۇلازىمىتى تەشكىلاتىغا ئىئانە قىلغان يۈز مىڭ ماسكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

BBC تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ ماسكىلار كۈندىلىك پوچتا گېزىتى تەرىپىدىن مىدۋېل سەھىيە بۇيۇملىرى شىركىتىدىن سېتىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئۇيغۇر موٗسۇلمانلىرىنى ئىشلەتكەن، دەپ ئەيىپلەنگەن ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«كوندىلىك پوچتا گېزىتى» ئۆزلىرىنىڭ بۇ ماسلىكلارنى سىتېۋالغاندا، مەزكۇر شىركەت ھەققىدە يۇقىرىقىدەك گۇماننىڭ تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلىغان.

## ياپونىيە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا قارشى ئاۋاز چىقارماقتا

ئىككىنچى دېكابىر دۇنيا تىنچلىق تەشكىلاتى ئورگان تور بېتىدە «ياپونىيە خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى باستۇرۇشىغا قارشى تۇرماقتا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە دېيىلىشىچە، ياپونىيە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم سېلىشىغا قارشى ئاۋاز چىقىرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇشى سۈپىتى بىلەن، نۆۋەتتە ياپونىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشىغا قارشى تەدبىر قوللىنىدىغان قانۇن ماقۇللاش باسقۇچىدا ئىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ ھەقتىكى قانۇن ماقۇللانغان تەقدىردە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى بەزى ئىقتىسادىي جازالارنى قوللىنىشى مۇمكىن ئىكەن.

## خىتاي ئامېرىكانى «شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتى مەۋجۇت» دەپ سەپسەتە ئويدۇرۇپ چىقىرىش بىلەن ئەيىبلىدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈچىنچى دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچى كۆچمە ھېسابلانغان ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» (XPCC) ئىشلەپچىقارغان پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، خىتاي ئامېرىكانى «شىنجاڭدا مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتى مەۋجۇت» دەپ سەپسەتە ئويدۇرۇپ چىقىرىش بىلەن ئەيىبلىدى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى يەنە بىر خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ترامپ ھۆكۈمىتى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ قاماقتىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقىنى ئاشكارىلىغان ۋە بۇ سەۋەبلىك ئۇ ئىشلەپچىقارغان مالنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۋا چۈن يىڭ ئامېرىكانى «بازار پرىنسىپلىرىنىڭ ئۈلىنى كولاپ، كىشىلەرنىڭ خىزمەتكە چاڭ سالدى» دەپ سۆكتى.

## ئۇيغۇرلار چوشقا گۆشى يېيىش تەھدىتى ئاستىدا

ئەلجەزىرە تورى 4 ـ دېكابىر «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چوشقا فېرمىلىرىنى كېڭەيتىشكە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلانماقتا» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

نۆۋەتتە شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان لاگېر شاھىدى سايراگۈل ساۋۇتباي ئەلجەزىرە مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان جىنسىي خورلاش، ھەر تۈرلۈك ئېغىر قىين ـ قىستاقلار قاتارلىقلارنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن سىرت، جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقانلارنىڭ ھەر جۈمە كۈنى چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى، رەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېغىر جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ جازا لاگېردا مەجبۇرىي ھالدا چوشقا گۆشى يېگۈزۈلگەن چاغدىكى ئېچىنىشلىق ھېسسىياتىنى مۇخبىرغا ئەسلەپ بەرگەن.

خەۋەردە بۇنىڭغا يانداش ھالدا، ئۇيغۇر تەتقىقاتى ئالىمى ئادرىيان زېنزنىڭ دوكلاتىغا بىنائەن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چوشقا باقمىچىلىقىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىغا ئائىت قىلمىشلىرى ھەققىدىكى باياناتلىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن.

## ئامېرىكا سىياسىئونلىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 8 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن ماركو رۇبىيو، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن جىم ماكگوۋىن ئىنتېل، نۋىدىيا قاتارلىق تېخنولوگىيە شىركەتلىرىگە مەكتۇپ يوللاپ، بۇ ئىككى شىركەتتىن ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ئالىي سۈپەتلىك كومپيۇتېر ئۆزىكىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشقا چېتىشلىق خىتاي شىركەتلىرىگە سېتىۋاتقان ياكى ساتمايۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات تەلەپ قىلغان.

ئامېرىكا سىياسىئونلىرىنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىلدىكى تەلەپ ۋە نازارەتلەر دۇنيا مىقياسىدا خىتاينىڭ جىنايىتىگە ھەمكارلىشىش قەستىدە بولۇۋاتقان ھەر قانداق شىركەتنى بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئىش كۆرۈشكە تەرغىپ قىلىدۇ ۋە خىتاينىڭ جىنايىتىگە ھەمدەمدە بولماسلىق سىگنالىنى بېرىدۇ.

## ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى يامانغا يانتاياق بولمايدىغانلىقىنى ئېپادىلىدى

فوربس ژۇرنىلىدا 7 ـ دېكابىر «ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى <ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلمايمىز> دەپ جاكارلىدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ماقالىدە بايان قىلىنىشىچە، ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئەنگلىيەنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىش، قىلماسلىق تورغىرىسىدا مۇھاكىمىلەر بولۇپ ئۆتۈلگەن.

## تۈيغۈن ئابدۇۋەلى ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتى باشلىدى

كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىسى، سىياسى پائالىيەتچى تۈيغۈن ئابدۇۋەلى 9 ـ دېكابىر تىبەتلىك ۋە خوتلۇق باشقا ئىككى ياش بىلەن بىرلىكتە تورونتو شەھىرىدە خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتى باشلىغان. تۈيغۈن ئابدۇۋەلى ئەپەندى مەزكۇر ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتىنى سەھەر سائەت سەككىزدىن كەچ سائەت ئالتىگىچە ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇشنى پىلانلىغان. ئۇ بۇ خىل ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتىنى كانادادىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ داۋاملاشتۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. بىز تۈيغۈن ئابدۇۋەلى ئەپەندىنىڭ بۇ پىداكارلىقى ئۈچۈن رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنى بۇ ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشۇشقا چاقىرىمىز.

## خىتاينىڭ چوڭ ساندان پروگراممىسى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان

9 ـ دېكابىر خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئورگان توربېتىدە «خىتاينىڭ چوڭ ساندان پروگراممىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى نىشان قىلغان» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە دېيىلىشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان چوڭ ساندان پروگراممىسى ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنى تۇتقۇن قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن.

## يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمانلار خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى

«thesuburban» تورىنىڭ 10 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، يەھۇدىيلار شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇمغا قارشى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزگەن. نامايىش ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىققا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ۋە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان.

ھىندىستاندا چىقىدىغان ئىقتىساد ۋاقتى تور گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە بىنائەن، 10 ـ دېكابىر يەنە بېنگال مۇسۇلمانلىرىمۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلمىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن.

## دۇنياۋى پۇتبول چولپىنى خۇاۋېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى

گېرمان ئاۋازى تورىنىڭ 10 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بارسلونا كوماندىسىنىڭ پۇتبولچىسى ئانتونىيو گرىزمەن خۇۋا ۋېي بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بىكار قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى باياندىن مەلۇم بولۇشىچە، خۇاۋېي ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان نازارەتچى ۋە زۇلۇمىغا ھەمدەم بولغاچقا، ئانتونىيو گرىزمەن خۇاۋېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ئىكەن.

## خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتى ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلدى

11 ـ دېكابىر قوغدىغۇچى گېزىتىدە «خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىق ئەددىئاسى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتى ختاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا يېتەرلىك دەرىجىدە دەلىل ـ ئىسپات بولۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان. ماقالىدە دېيىلىشچە، ختاينى سوتقا بەرگۈچى شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تاجىكىستان ۋە كامبودژادىن ختاي قايتۇرۇۋېتىلىشىنى دەلىل سۈپىتىدە كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ختاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توغرۇلۇق يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات سۇنغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىگىلىنىشىچە، تاجىكىستان بىلەن كامبودژادىن ئىبارەت ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «رىم ئەھدىنامىسى»گە ئىمزا قويغان دۆلەتلەر ئىكەن.

## خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ باش تەپتىشى ئىشخانىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرزىگە قارىتا ئىنكاس بىلدۈردى

CNN تورىنىڭ 15 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ساناقسىز جىنايەتلىرى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا شكايەت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى جىنايى ئىشلار سوتى باش تەپتىشى فاتوۋ بېنسوۋدانىڭ ئىشخانىسى بايانات ئېلان قىلىپ ختاينىڭ مەزكۇر جىنايى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئەھدىنامىسىگە ئىمزا قويمىغانلىقى ئۈچۈن، شكايەتنامىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشتا شكايەت قىلىنغۇچى تەرەپ بولغان ختاي ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان.

قارىماققا خىتاينى جىنايى ئىشلار سوتىغا تارتىش ھازىرچە ئىمكانسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ بۇ مەھكىمىگە شىكايەت قىلىشنى، مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ ئىكاس قايتۇرۇشى ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا بۇ ھەقتە غۇلغۇلا بولۇشى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. بۇ چەتئەلدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇلارنىڭ خىتايغا قارشى كۆرىشىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچ ئۆرلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا قارشى ئامېرىكا قانۇن لايىھىسى يۇمشاقلاشتۇرۇلۇش ئورۇنىشى ئاستىدا

كاتولىك خەۋەرلىرى ئاگېنتلىقى تورىنىڭ 14-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشىغا قارشى قانۇن لايىھىسى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا سېنتەبىر ئېيىدا ماقۇللۇۋقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئامېرىكادىكى بىر تۈركۈم داڭلىق شىركەتلەر ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنى نىشانلاپ لوبىچىلىققا يۈرۈش قىلدى.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، تەنقىدچىلەر بۇ لوبىچىلىقتا مەزكۇر قانۇن لايىھىسىنى يۇمشىتىپ، ئاجىزلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇش يولىدىكى تېپىرلاش دەپ باھا بەرگەن. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەجبۇرىي ئەمگەكنى توختىتىش قانۇنى لايىھىسى مۇشۇ يىلى 22-سېنتەبىر 3 كە قارشى 406 ماقۇللاش بىلەن ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تەرىپىدىن ماقۇللانغان بولۇپ، بۇ قانۇن لايىھىسىدە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان ھەر قانداق تاۋارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ قارالغان.

## ئامېرىكا سېناتورى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىشلەۋاتقان جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى

فلورىدا كۆندىلىك گېزىتىنىڭ 14-دېكابىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا سېناتورى رىك سكوت (Rick Scott) ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېئوغا مەكتۇپ يوللاپ، كوممۇنىست خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇمنى ئېنىقمۇ بەك ئاشكارىلاشنى تەشەببۇس قىلغان.

رىك سكوت پومپېئوغا يازغان خېتىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەۋاتقان ھەممە جىنايىتىنى دېگۈدەك تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى ناھەقچىلىكلەرگە ئاۋاز چىقارغانلىقى ۋە بەزى چارىلەرنى قوللانغانلىقىنى تەبرىكلىگەن، شۇنداقلا، پومپېئونى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشقا چاقىرغان.

## ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇري ئەمگەكتە سىلىنىشى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ماسكىلار پۈتكۈل ياۋروپادا سېتىلىدىكەن

تەشكىللىك جىنايەت ۋە چىرىكلىكنى دوكلات قىلىش ئورگىنىنىڭ (OCCRP) 16 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۇيغۇرلار ئىشلەپ چىقارغان تىببىي ماسكا ۋە قوغدىنىش ئۈسكۈنىلىرى پۈتكۈل ياۋروپادا سېتىلىدىكەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتايدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلىرى ئىشلەپ چىقارغان COVID ـ 19 غا قارشى ئىشلىتىلىدىغان تىببى ماسكا ۋە قوغدىنىش ئۈسكۈنىلىرى ئەڭ ئاز دىگەندە ئىككى چوڭ ساتقۇچى تەرىپىدىن ياۋروپادا سېتىلىدىغان بولۇپ، كەم دىگەندە بەش دۆلەتتىكى ھۆكۈمەت ۋە سەھىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان. تەشكىللىك جىنايەت ۋە چىرىكلىكنى دوكلات قىلىش ئورگىنىنىڭ (OCCRP) ئېنىقلىشىچە، بۇ ئۇيغۇر ئىشچىلار خىتاينىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەش باھانىسى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن بولۇپ، مەجبۇرلاش ۋە خورلاشقا ئۇچرايدىكەن. تەشكىللىك جىنايەت ۋە چىرىكلىكنى دوكلات قىلىش ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ شىرىكلىرى يەنە ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەڭ چوڭ تىببىي مەھسۇلاتلارنى تارقاتقۇچىلارنىڭمۇ خىتايدىكى خۇبېي خەيشىن زاۋۇتىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان تىببىي ماسكا ۋە قوغدىنىش ئۈسكىنىلىرى سېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. كۆپچىلىككە ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ زاۋۇتتا يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەلگەن 130 ئىشچى ئىشلىمەكتە ئىكەن. پائالىيەتچىلەر غەرب شىركەتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرىنى ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچى بىلەن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشنى توختىتىشقا چاقىرغان.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينى ئەيىبلىدى

CNN تورىنىڭ 17 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ياۋروپا پارلامېنتىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئېكسپالاتاتسىيە قىلىشنى ئەيىبلىگەن. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ياۋروپا پارلامېنتى قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرى ئەمگەككە سالغانلىقىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ياۋروپا ئىتتىپاقى ئورگىنىنىڭ جۈمە كۈنىدىكى باياناتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇلارنى داۋاملىق تۆردە خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىغا يۆتكىگەنلىكىنى، ياۋروپادىكى داڭلىق ماركا ۋە شىركەتلەرنىڭ خىتاينىڭ مەجبۇرى ئەمگىكىدىن نەپكە ئېرىشكەنلىكى ئەيىبلىدى. بۇ خەۋەردە خىتاينىڭ تۈركىستاندىكى تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.

## شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان پاختىنىڭ مەجبۇري ئەمگەك بىلەن چېتىشلىقى بار ئىكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلقئارالىق تەكشۈرۈش تورى 18 ـ دېكابىردا «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئائىت ئىسپاتلار كۆپەيگەنسېرى خىتاينىڭ يالغانچىلىقلىرىمۇ ئوخشاشلا كۆپەيدى» دېگەن تېمىدا خەۋەر چىقارغان بولۇپ، خەۋەردە خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ BBC غا يوللىغان جاۋابى تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ جاۋابنىڭ خىتاينىڭ يەنە بىر قېتىملىق يالغانچىلىقى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار ھۆججەتلەر گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ ئىشەنچلىك پاكىتلىرىغا تايىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە، دۇنيادىكى پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى تەمىنلەيدىغان شەرقىي تۈركىستان پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن چېتىشلىق دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىكەن. ترامپ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قارىتا بەلگىلىك تەدبىرلەرنى قوللانغان بولۇپ، ئادرىيان زېنز ئامېرىكىدىن باشقا ھۆكۈمەتلەرنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان پاختىدىن ئىشلەنگەن بارلىق مەھسۇلاتلارنى پۈتۈنلەي توختىتىشنى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## تۈركىيە ئىنسانپەرۋەرلىك قۇتقۇزۇش فوندى تۇرسۇن خەلىلۇللا توغرىسىدا ب د ت غا مەلۇمات يوللىدى

ئوتتۇرا شەرق ئېكرانى تورىنىڭ 19 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، تۈركىيە ئىنسانپەرۋەرلىك قۇتقۇزۇش فوندى (IHH ) جۈمە كۈنى خىتايدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئىلتىماس سۇنغان ۋە ئۇنىڭ ئايال باللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەلەپ قىلغان. شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن تۇرسۇن خەلىلۇللا شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى قانۇنسىز قولغا ئېلىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەتنامە يازغاندىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، تۈركىيە ئىنسانپەرۋەرلىك قۇتقۇزۇش فوندىنىڭ ب د ت غا سۇنغان ئىلتىماسىدا، تۇرسۇن خەلىلۇللانىڭ لاگېردا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۈركىيە ئىنسانپەرۋەرلىك قۇتقۇزۇش فوندى 16 ـ دېكابىر ئېلان قىلغان باياناتىدا يەنە خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ئىرقىي قىيىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تىلغا ئالغان بولۇپ ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى كۈندىلىك ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## ختاي ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري پاختا تېرىشكە سالدى

ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ 20 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ختاي ئورگانلىرى نەچچە يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقانلارنى ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا مەجبۇري پاختا تېرىش ئەمگىكىگە سالغان، شۇنداقلا ئۇلارغا قارىتا قاتتىق نازارەت قىلىش، كۆزىتىش ۋە مىڭە يۇيۇش ئېلىپ بارغان. كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ خىل قىلمىش مەشھۇر تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزىنىڭ يېڭى دوكلاتىدا ئاشكارلانغان بۇلۇپ، ئۇنىڭ يەرشارى سىياسىتى مەركىزى ئۈچۈن قىلغان تەتقىقاتىدا، پاختا يىغىش ماشىنىلاشتۇرۇلمىغان يەردە كېۋەز تېرىقچىلىقى زور مىقداردا ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ختاينىڭ ئىشچىلارنى باشقا يەردىن يۆتكەپ كېلىشى تېخمۇ قىممەت توختايدىكەن. ختاي بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ  ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى پاختا يىغىش ئەمگىكىگە سالغان. ئادرىيان زېنىز نەقىل كەلتۈرگەن يەنە بىر ھۆججەتتە، مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلارغا پاختا تىرىش جەريانىدا تۈرمىدىكىگە ئوخشاش سىياسى تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان. ئادرىيان زېنزىنىڭ قارىشىچە، گەرچە مەجبۇري پاختا تېرىشكە سېلىنغان ئۇيغۇرلارغا ئىش ھەققى بېرىلىدىغان، قارىماققا ئىختىيارىدەك كۆرۈنسىمە، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ ئەمگەكنى قىلىشتا مەجبۇرلىنىدىغان بولۇپ، ئەگەر رەت قىلسا جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## رافائېل گلۈكسمان

ئۇيغۇرلارنىڭ فرانسىيە پارلامېنتىدىكى ئاۋازى، پارلامېنت ئەزاسى ھۆرمەتلىك رافائېل گلۈكسمان ئەپەندى



# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ۋەتەن- ئادالەت ۋە يورۇقلۇق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئورتاق نىشانى ۋە مەنزىلى.